# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2001- يىل 2- سان

(ئومۇمىي 64- سان)



باش مۇھەررىر:

ياسىن زىلال

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

يۇسۇپ ئىسھاق



## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا

چومولە ..... تويلىغۇچى: ئەھمەتجان تاشتۆمۈر (1)

ئەقىللىق ئىككى يولۇچى ..... تويلىغۇچى: رەيھانگۈل ئىمىن (17)

پادىشاھ تۆمۈرنىڭ ئوغلى ..... تويلىغۇچى: مەتتۇرسۇن ئەسرۇللا (48)

ئىككى چۆچەك ..... تويلىغۇچى: توختى ئوبۇلقاسىم (52)

جەھەننەمدىن كەلگەن خەت ..... تويلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (62)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىممىتى ..... ئەسەت سۇلايمان (9)

گۈننار ياررىڭ ۋە «ئۇيغۇر كىيىم- كېچەكلىرى ھەققىدە» بايان ..... تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (32)

مارالبېشىدىكى مازارلار ..... نۇرمەھەممەت زامان (44)

## يورۇق يۇلتۇزلار

ئەر بىلەن ئەل كۆكىرەر، ئەر قەدرىنى ئەل بىلەر ..... ياسىن زىلال (22)

فولكلورشۇناس ئالىم، تۆھپىكار باغۋەن ..... نۇرنىسا باقى (27)

## يا ئىشەن، يا ئىشەنمە

قىياپەتۇل بەشەر ..... تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد تۇرسۇن نەمتۇللا (4)

## ئايدىڭ كېچىلەر

ئاي قويايمۇ ئىسمىڭنى ..... تويلىغۇچىلار: ئوبۇلھاشىم قاسىم، ئابدۇرېشىت خوجا (30)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

رىۋايەتلەر ..... تويلىغۇچى: تۇرسۇن بەكرى (20)

كېرىيە ئاياللىرىنىڭ تەلپىكى ۋە پەرىجىسى ھەققىدە رىۋايەت ..... تويلىغۇچى: ئىزىز قاسىم (51)

## كەپىڭ تېگىدە گەپ بار

ئىككى مەسەل ..... تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇرسۇن (60)

## كۈلكە- جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ..... تويلىغۇچى: دىلمۇرات تەلئەت (58)

## تاغدىن- باغدىن

بەزىلەر ..... غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (19)

ئاڭلىغانمۇ سىز ..... مۇختار مۇھەممەد تەرجىمىسى (21)

## يېڭى چۆچەكلەر

دوزاختىكى تاللاش ..... غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (40)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

ئاينۇرى ئەپەندى ۋە ئۆمەر ..... ئۆمەر رىشىت، خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى (54)

چىلانتوروق ئات ..... ساتتار غوپۇر تەرجىمىسى (56)

ماناس ..... نۇرنىسا باقى، توقتۇ بۇبۇ ئىساق تەرجىمىسى (69)



جاۋابكار مۇھەررىر: **مۇختار مۇھەممەد**

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) **ئابدۇكېرىم راخمان** (پروفېسسور)، **ئابلىمىت سادىق** (ئالىي مۇھەررىر)، **ئەھەت ھاشىم** (ئالىي مۇھەررىر)، **ئەسەت سۇلايمان** (دوكتور)، **ئىبراھىم مۇتىئى** (تەتقىقاتچى)، **ئىمىن تۇرسۇن** (ئالىي مۇھەررىر)، **ياسىن زىلال** (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنال**

# چۈمۈلە

(چۆچەك)

ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، بۆرە، تۈلكە، ئېيىق، كەپتەر، پاختەك، توشقان ۋە ئۇچار قانات جانىۋارلار ھەممىسى بىر ئورماندا ئىناق ياشايدىكەن. ئاشۇ ئورماندىكى بارلىق ھايۋان ۋە قۇشلارغا چۈمۈلە خاقان بولغانىكەن.

ئۇ زامانلاردا چۈمۈلە، ھەتتا كەركىدان ۋە پىلدىنمۇ چوڭ ھەم كۈچلۈك، ھەر قانداق ئىش- ھۈنەرنىڭ ئۇستىسى ئىكەن. ئېتىزلارغا ئۇۋا تاللاشنى، قۇشقاچلارغا چاڭگا سېلىشنى ئۆگىتىدىكەن. ھايۋانلار چۈمۈلىدىن ئۆگىنىپ ياسىۋالغان كۆركەم ۋە پۇختا ئۆيلىرىدە خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. چۈمۈلە تېبابەتچىلىكتىمۇ كامالەتكە يەتكەنىكەن. ئۇ يارىدار بولغان ۋە ئاغرىپ قالغان بارلىق ھايۋانلارنى داۋالايدىكەن، ئوت- چۆپلەردىن دورا ياساپ ئىچۈرىدىكەن. ئۇ يەنە كەكلىكلەرگە دان تېپىشنى، مايمۇنلارغا غىزا پىشۇرۇشنى، بۇلبۇللارغا ناخشا ئېيتىشنى، شىر، يولۋاسلارغا جەڭ قىلىشنى ئۆگىتىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار چۈمۈلىنىڭ گېپىدىن زادى چىقمايدىكەن.

چۈمۈلە خاقان دائىم ھايۋانلار بىلەن قۇشلارغا تەلىم بېرىپ، مۇنداق دەيدىكەن:

—— بۇ دۇنيادا ئەركىن ياشايمەن، بەختلىك بولىمەن دېسەڭلار ئورماندىكى بارلىق جانىۋارلار داۋاملىق ئىناق- ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار. بىر- بىرىڭلاردىن ئۆگىنىڭلار، باشقا ئورمانلىقلاردىكى جانىۋارلارنىڭمۇ بىز بىلمەيدىغان ھۈنەرلىرى بولسا ئۆگىنىۋېلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار بۇ دۇنيادا خار بولمايسىلەر.

چۈمۈلە خاقاننىڭ بۇ گېپى بىلەن بارلىق ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار ھارماي- تالماي ئىشلەيدىكەن، يىراق- يېقىندىكى باشقا ئورمانلىقلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى ھايۋانلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىنىدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي چۈمۈلە خاقاننىڭ ئورمانلىقىدا ئاجايىپ يېڭىلىقلار بارلىققا كەپتۇ. بۈركۈت ۋە قورغۇيلار تېخىمۇ ئېگىز ئۇچۇشنى، ئارقار، بۇغىلار تېك تاغ چوققىلىرىغا چىقىشنى، جەرەن ۋە بۆكەنلەر ئېدىرلاردا ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرۈشنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ھىيلىگەر تۈلكە چۈمۈلە خاقاننى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ، چۈمۈلە خاقانغا ئەركىلەپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ناھايىتى يېقىملىق ئاۋازدا مۇنداق دەپتۇ:

—— جانابىي چۈمۈلە، سىلى بىزنىڭ خاقانىمىز، سىلىنىڭ قوللىرىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. سىلى بۇ دۇنيادا ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ قابىلىيەتلىك. شۇڭا ئۇزلىرىنىڭ تاغ- داۋانلارغا چىقىپ ئەمگەك قىلىشلىرى ھاجەتسىز. ئېغىر- يېنىك ئىشلىرى بولسا مانا بىز تەييار. سىلى ئۆيدە يېتىپ بۇيرۇق بەرسىلە بولدى...

—— بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ،— دەپتۇ چۈمۈلە، — كىم تەر تۆكمەي بىكار ياتسا، تەييارتاپلىققا ئادەتلىنىپ قېلىپ خاراب بولىدۇ، بارغانسېرى ھورۇنلىشىپ، ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، باشقىلاردىن كېيىن قالىدۇ.

تۈلكە ناينىقلاپ كېلىپ، چۈمۈلىنىڭ قوللىرىنى سىلاپ پۇتلىرىنى سۆيۈپتۇ:

—— سىلى باتۇر خاقان، يۇقىرا تۇرغان يەردە خاقان ئىشلىسە قانداق بولغىنى؟ سىلى بولغاچقا بىزنىڭ قورسىقىمىز توق، غېمىمىز يوق. خاتىرجەم يېتىۋەرسىلە. بىز سىلىنى ئاسرىمىساق بولمايدۇ تەقسىر!

تۈلكە شۇنداق دەپتۇ- دە، ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن يوغ داستىخىننى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى ئېسىل يېمەكلىكلەرنى چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئاق كۆڭۈل چۈمۈلە تۈلكىنى رەنجىمە قالمىسۇن، دەپ بۇ تاماقلارغا ئېغىز تېگىپتۇ...

شۇنداق قىلىپ تۈلكە ھەر كۈنى چۈمۈلىگە تاماق توشۇيدىغ، چۈمۈلىگىمۇ بۇ تاماقلار تاتلىق تېتىيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چۈمۈلە تۈلكىنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋاپتۇ. تۈلكە ھەمىشە چۈمۈلىگە خۇشامەت قىلىپ:

—— سىلى غەم قىلماي يېتىۋەرسىلە، ئىش- پىشلارنى مەن جاي- جايىدا قىلىۋېتىمەن... —— دەيدىكەن.

چۈمۈلە كېيىنچە تالا- تۈزگىمۇ چىقمايدىغان، باشقا ھايۋانلار بىلەنمۇ ئۇچراشمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە تۈلكىنىڭ شېرىن- شېكەر سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دۇنيادا مەن ئەڭ نوچى، ھېچقانداق جانىۋار ماڭا يېتەلمەيدۇ، دەپ ئۆز- ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ياتىدىكەن.

بىر كۈنى ئەمگەكچان پىل بىلەن ئاق كۆڭۈل زىراپە چۈمۈلىنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇلار قات- قات كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئېغناپ ياتقان چۈمۈلىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا نەسىھەت قىپتۇ:

—— بۇنداق يېتىۋەرسىلە، سالامەتلىكلىرىگە زىيان يېتىدۇ خاقانىم، — دەپتۇ پىل.

—— بۇرۇنقىدەك تالا- تۈزگە چىقىپ، جاھاندا بولۇۋاتقان

ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغانلىرى ياخشى ئىدى، — دەپتۇ زىرايە.

چۇمولە كىرىلىپ ئەسنەپتۇ ۋە خۇشياقمىغان ئاھاڭدا سۆزلەپتۇ:

—— تۆلكىجان ھەممە ئىشىمنى پۈتتۈرۈپ بېرىۋاتسا، ئۇخلىماي، ياتماي نېمە قىلىمەن؟ جاھاندا بولىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. بەربىر ھېچكىم ماڭا يېتەلمەيدىغۇ!

چۇمولە شۇنداق دەپتۇ- دە، يەنە يېتىۋاپتۇ.

—— ئۇنداق ئەمەس، ھازىر جاھاندا نۇرغۇن يېڭىلىقلار بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ پىل.

—— باشقا ئورمانلىقلاردىكى جانلىقلار بىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار بىز قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ زىرايە.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۇمولىنىڭ غەزىپى قايناپ، ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ.

—— ھەي قارا نىيەت مۇناپىقلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ پىل بىلەن زىراپىگە قولىنى شىلتىپ، —— سىلەر مەندىن يۈز ئۆرۈپسىلەر، باشقىلارنى بىزدىن ياخشى دېدىڭلار، مەن سىلەرنى جازالايمەن!

شۇنىڭ بىلەن چۇمولە خاقان ئۆزىگە ئەڭ سادىق بولغان پىلنى ئاق تاغقا، ئۆزىگە ئەڭ كۆيۈنىدىغان زىراپىنى قارا تاغقا پالىۋېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپتۇ. چۇمولە كېچە- كۈندۈز ئوردىسىدىن چىقمايدىكەن. ھىيلىگەر تۆلكە بولسا كۈندۈزلىرى توشقان قوغلاپ، كېچىلىرى توخۇ ئوغرىلاپ جاپادىن قۇتۇلۇپ، چۇمولىنىڭ پۈتۈن بايلىقىغا ئىگە بولىۋاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى چۇمولىنى ئالداپ- سىلاپ ئۇخلىتىپ قويىدىكەن- دە، ئورمانلىققا كىرىپ، ھايۋانلار بىلەن قۇشلارنى بوزەك قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئوزۇق- تۈلۈكىنى تارتىۋالىدىكەن.

جانىۋارلار چۇمولە خاقاننى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرمەيدىغان ۋە ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار تۆلكىدىن قۇتۇلالماي يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. «تۆلكىدەك نىيىتى يامان مەخلۇقنى بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقىرىپ قويدى» دەپ چۇمولىنى قارغاپتۇ. شۇ چاغدا بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. جانىۋارلار چۇمولىنى قارغىغانسېرى چۇمولە كىچىكلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ كىچىكلەپ- كىچىكلەپ ئاخىر ھازىرقىدەك كىچىككىنە بىر جانلىققا ئايلىنىپ قاپتۇ.

جانلىقلارنىڭ سەۋر- تاقىتى تۈگەپ، غەزەپ بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ- دە، تۆلكىنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپتۇ. ئاندىن چوڭ- كىچىك جانىۋارلار بىرلىكتە چۇمولىگە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ. بىراق ئۇلار ئورمان ئىچىنى، ئويمان- دۆڭلەرنى، غار ۋە ئۆڭكۈرلەرنى قويماي ئاختۇرۇپتۇ. ھەر قانچە ئىزدەپمۇ چۇمولىنى زادىلا تاپالماپتۇ. قىزىق ئىش! شۇنچە چوڭ، ھەيۋەتلىك چۇمولە خاقانغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

بۇ چاغدا چۇمولە ئۆزىنىڭ كىچىكلەپ كەتكىنىنى تۇيماي چوڭقۇر كولانغان لەخمە ئىچىدە تېخىچە بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقانىكەن. قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىدىكىن، ئىشقىلىپ بىر چاغدا قورسىقى ئېچىپ ئويغىنىپتۇ. قارىسا يېنىدا تۆلكە يوق. تۇرغۇسى كەلمەي ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ يەنە ئۇخلاپ قاپتۇ. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن يەنە ئويغىنىپتۇ. ئۇچەيلىرى تارتىشىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ. تۆلكىنىڭ تېخىچە غىزا ئېلىپ كەلمىگەنلىكىدىن رەنجىپتۇ. ئاخىر مىڭ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ- دە، ئەتراپىغا قاراپ ھەيران قاپتۇ: «بۇ لەخمە ئەسلىدە بۇنداق ئەمەس ئىدىغۇ! ئۆرە تۇرسام بېشىم تورۇسقا تاقىشاي دەپ قالاتتى...» چۇمولە يۇقىرىغا قارىسا تورۇس خۇددى بولۇتلۇق تۈندىكى قاپقارا ئاسماندەك ئېگىز كۆرۈنۈپتۇ.

چۇمولە ئۈنيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ تاشقىرىغا چىقىپ، تېخىمۇ ئەجەپلىنىپتۇ. چۈنكى دەرەخلەر بۇرۇنقىدىن ئېگىزلەپ كەتكەن بولۇپ، كۆكاتلارمۇ ئاجايىپ يوغىناپ ئۆسۈپ كەتكەنىكەن! چۇمولە قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئورمان ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. قارىسا، بۇرۇنقى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق يوغىناپ كەتكەن. چۇمولە ئۇلارغا ھەدەپ قارىغۇدەك، ئەمما جانىۋارلارنىڭ بىرىمۇ چۇمولىنى كۆرمىگۇدەك. چۈنكى چۇمولە بۇرۇنقى ھالىتىنى يوقىتىپ، قىزىت- قوڭغۇزلاردىنمۇ كىچىك بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنى ئوت- چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ھەرگىزمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن. چۇمولە ئۆزىنىڭ بۇنداق كىچىك بىچارە بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق يىغلاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ يىغىسىنىمۇ ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ.

ئۇشتۇمتۇت چۇمولە تۆلكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. تۆلكە ئۆزىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە يالغۇز قالغان بۆجەنلەرنى تۇتۇپ يېيىش ئۈچۈن تىمىسقىلاپ يۈرگەنىكەن. چۇمولە «بۇمۇ مېنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتمىسۇن» دەپ تۆلكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر سىلىق تاشقا چىقىپتۇ- دە:

—— ھەي جېنىم تۆلكە،مېنىڭ سادىق ۋەزىرىم! — دەپ چاقىرىپتۇ، —— مېنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ مەن چۇمولە خاقان ئەمەسمۇ!

تۆلكە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، چۇمولىنى ئاران كۆرۈپتۇ- دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

—— ۋاي بىچارە جۈپرەندە، — دەپتۇ ئۇ چۇمولىنى مازاق قىلىپ، —— سەن تېخىچە ئۆزۈڭنى قالتىس نوچى دەپ يۈرەمسەن؟ بىلىپ قوي، مەن سېنىڭدىن پايدىلىنىپ بولدۇم، ئەمدى ماڭا كېرىكىڭ يوق، يوقال كۆزۈمدىن!

مەككار تۆلكە شۇ گەپ بىلەن قۇيرۇقىنى بىر شىلتىپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چومۇلىنى ناش ئۇستىدىن سوپۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

چومۇلە نەگە بېرىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ ياتقاندا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بوران چىقىپتۇ. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇنداق بورانلار چومۇلىنىڭ بىر تال مويىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدىكەن. لېكىن ھازىر قارا بوران كىچىككىنە چومۇلىنى ئۇچۇرتۇپ ئەكېتىپتۇ. ئۇ بوران توختىغاندا، باشقا بىر ئورمانلىققا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ ھېلىقى ئاق تاغ دېگەن يەر ئەمەسمۇ؟ – دەپ ئويلاپتۇ چومۇلە. —— مەن بۇ يەرگە پىلنى پالىۋەتكەندىمغۇ. دەرۋەقە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن پىل چىقىپ كەپتۇ. پىل چومۇلىنى كۆرمەستىن، ھەددىپ يوغان دەرەخلەرنى خارتۇمى بىلەن تارتىپ، بېشى بىلەن ئىتتىرىپ ئۆرۈۋاتقىدەك. چومۇلە ئۇنىڭغا قاراپ ئىنتايىن ئەجەبلىنىپتۇ.

—— ھەي پىل، – دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ، —— سەن نېمانچە چوڭىيىپ كەتتىڭ؟ ئۇ دەرەخلەرنى ئۆرۈپ نېمە قىلىسەن؟

پىل چومۇلىنىڭ بۇنچە كىچىكلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچىنغان ھالدا ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپتۇ:

—— سېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلگەنىدىم، – دەپتۇ پىل، —— سەن مېنى بۇ يەرگە پالىۋەتكەندىن كېيىن مەن ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ئىش- ھۈنەرلىرىنى ئۆگەندىم. شۇنىڭ بىلەن كۈندىن- كۈنگە كۈچلىنىپ، مۇشۇنداق قەددى- قامەتكە ئىگە بولدۇم. مەن ئورمانلىقتىكى دەرەخلەرنى ئادەملەرگە ئاپىرىپ بېرىمەن. ئادەملەر بۇ دەرەخلەردىن چىرايلىق ئۆيلەرنى سالىدۇ، ئۈستەل- ئورۇندۇقلارنى ياسايدۇ.

چومۇلە پىلنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ھۇرۇن ۋە ئاجىزلىقىدىن خىجىل بوپتۇ، شۇڭا گەپ قىلماستىن، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا يەنە بوران چىقىپ، چومۇلىنى ئۇچۇرتۇپ كېتىپتۇ. چومۇلە ئۇچۇپ- ئۇچۇپ يەنە باشقا بىر يەرگە چۈشۈپ قاپتۇ. قارىسا، يېقىنلا بىر يەردە زىراپە ئوتلاپ يۈرگۈدەك. ھە، مەن زىراپىنى پالىۋەتكەن قارا تاغ دېگەن يەر مۇشۇ ئىكەن- دە، دەپ ئويلاپتۇ چومۇلە.

—— ماڭا قارىغىنا زىراپە، – دەپتۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن، —— بويۇڭ نېمانچە ئۆسۈپ كەتكەن! سەن قانداق قىلىپ شۇنچە ئېگىزلەپ كەتتىڭ؟

زىراپە بۇ چاغدا بىر توپ كېيىك ۋە جەرەنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارغا دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىكى ئەڭ مەززىلىك يوپۇرماقلارنى ئۈزۈپ بېرىۋاتقانىكەن، چومۇلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئۇزۇن بويىنىنى يەسكە سوزۇپ قاراپتۇ.

—— ۋاي، سەن چومۇلە ئىكەنسەنغۇ، – دەپتۇ ئۇ، – نېمانچە كىچىكلەپ كەتتىڭ؟ سەن مېنى مۇشۇ يەرگە پالىۋەتكەندىن كېيىن مەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھايۋانلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆگەندىم. جاپاغا چىداپ ئەڭ ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلارنى ئۈزۈشنى مەشق قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بويۇم ئۆسۈپ، مۇشۇنداق ئېگىز بولۇپ قالدىم. مانا ئەمدى ھېچكىمنىڭ بويى يەتمەيدىغان جايلاردىكى ئەڭ ياخشى يوپۇرماقلارنى ئالالايدىغان بولدۇم.

چومۇلە خىجىل بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدىنمۇ كېتىپتۇ. بايلاقلارنى كېزىپ، ئورمانلارنى ئارىلاپتۇ. بىرەر ھايۋان ياكى بىرەر قۇشمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويماپتۇ. بارلىق جانىۋارلار قاچاندۇر بىر چاغلاردا چومۇلە ئىسىملىك بىر كاتتا مەخلۇقنىڭ بولغانلىقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىشكەنىكەن.

چومۇلە داق يەردە ئولتۇرۇپ قاتتىق يىغلاپتۇ. بىھۇدە ئۆتكەن ئۆمرىگە پۇشايمان قىپتۇ. ئاندىن ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ، قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۇزاق ئويلاپتۇ. ئويلاپ- ئويلاپ ئاخىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ ۋە:

—— مەنمۇ پىل بىلەن زىراپىگە ئوخشاش بولۇشۇم كېرەك! مەنمۇ باشقىلاردىن ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەي، بولمىسا پۈتۈنلەي تۈگەشكۈدەكمەن! —— دەپتۇ.

چومۇلە شۇنداق غەيرەتكە كېلىپ، بېلىنى چىڭ باغلاپتۇ. ئۇ بېلىنى شۇنداق چىڭ باغلاپتۇكى، ئۇنىڭ بېلى ھازىرقىدەك ئىنچىكە بولۇپ قاپتۇ. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئىشنى باشلىۋېتىپتۇ. ئالدى بىلەن يەرنى كولاپ، ئۆزىگە ئۇۋا ياساپتۇ. كېيىن ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ئوزۇق يىغىپتۇ. يەنە ئالدىراشلىق بىلەن ھەر خىل ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ تۇرار جايلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىپتۇ. ئۆگەنگەنلىرىنى دەرھال ئىشلىتىپ، ئۇۋىسىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ ياساپتۇ. تاپقان- تەرگىنىنى ئۇۋىسىغا ئەكىرىپ جۇغلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پىل بىلەن زىراپە چومۇلىنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇلار چومۇلىنىڭ تەرلەپ- پىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ.

—— يارايسەن چومۇلە! – دەپتۇ ئۇلار، —— بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق مۇشۇنداق غەيرەتلىك بولساڭلا كەلگۈسىدە چوقۇم بۇرۇنقىدەك زور ھەم كۈچلۈك بولالايسەن، ھارماي ئىشلەۋەر!

—— ئىشلەيمەن ھەم ئۆگىنىمەن! – دەپتۇ چومۇلە ۋە يەنە ئالدىراشلىق بىلەن ئوزۇق يىغىشقا كىرىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ چومۇلىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆتكەنكى ساۋاقلارنى يادىدا چىڭ ساقلاپ، غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، ئىشچانلىقتا داڭقىنى چىقىرىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **سېلىم ھاجى**

توپلىغۇچى: **ئەھمەتجان تاشتۆمۈر**

(توقسۇن ناھىيە يىلانلىق باشلانغۇچ مەكتەپ)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# قىياپەتۇل بەشەر

«قىياپەتۇل بەشەر» خەلق ئارىسىدا فولىيارما ۋە ئاغزاكى ھالدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەينى زامانىنىڭ ساددا تەپەككۇرىغا خاس بىر خىل قىياپەت «ئىلمى». ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ تاشقى قىياپەتلىرى يەنى ئىنسان ئەزالىرىنىڭ ھالەتلىرىدىن ئىنسان ماھىيىتىگە قارىتا پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ. ئادەملەرنىڭ خۇلق- مىجەزى، نىيەت- ئىقبالى ھەققىدە قىياسىي تەبىرلەرنى بېرىدۇ. پسىخولوگىيە ئىلمى بىزدىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى كۈتىۋاتقان بىر پەن ۋە بىزگە نىسبەتەن تېخى تولۇق يورۇمىغان خەزىنە. مۇشۇ ساھەگە ئازدۇر- كۆپتۇر ماتېرىياللىق قىممىتى ھەمدە ئىزدەنگۈچىلەرگە ياردىمى تېگەر دېگەن مەقسەتتە ئوقۇرمەنلەرگە مەركۇر ئەسەردىن تەرمىلەرنى سۇندۇق.

——— مۇھەررىردىن

قەدىم زامان ھۆكۈمالىرىدىن بىرى ئۆز زامانىدىكى يامان كىشىلەرنىڭ پىتنە- پاساتلىرىدىن كۆڭلى رەنجىپ شەھەر سىرتىدىكى بىر تاغ ئۆڭكۈرىدە ئىستىقامەت قىلىدىكەن. ئەمما دەرۋازىغا بىر ئۇستا رەسسامنى نۆرغۇزۇپ قويغان ئىكەن. ھەر تەرەپتىن ئۇ ھەكىمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر كەلسە، ھېلىقى رەسسام كەلگەن كىشىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ھەكىمنىڭ ئالدىغا قويىدىكەن، ھەكىم سۈرەتنى قىياپەت ئىلمى قائىدىسى بويىچە تەپەككۇر قىلىپ كۆرۈپ، ئەگەر قىياپىتىدىن ياخشىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىدىكەن؛ ئەگەر ئۇنىڭدىن بامانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، قايتۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشى ھەكىمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەپتۇ. رەسسام ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ ھەكىمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ھەكىم سۈرەتنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ يامان نىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئەمما ئۇ كىشى قايتىشقا ئۇنىماي ھەكىمگە:

—— ئەي ھەكىم، ئەگەر مېنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشۈمدىن يامان ئادەم، دەپ ھۆكۈم قىلساڭ ھەقىقەتەن راستتۇر. بۇنىڭغا ئىقراردۇرمەن، لېكىن كەمىنە رىيازەت، مېھنەت ۋە مۇشەققەت سەۋەبىدىن تامامى يامان خۇيلىرىمنى تاشلىغان ئىدىم. ئەمدى مەندىن ھېچبىر زىيانكەشلىكنى خاتىرەڭگە كەلتۈرمىگەيسەن. سۆھبىتىڭدىن مەھرۇم قىلمىغىن، — دەپتۇ.

ھەكىم ئۇ كىشىنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەتتە بولۇپتۇ. دېمەك، بۇ قىياپەت ئىلمى ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق. چۈنكى بۇ ئىلىمنىڭ ئەندىزىسى بىلەن ھەر كىشى ئۆزىنىڭ ئەيىب- نۇقسانلىرىنى چۈشىنىپ يامان ئىشتىن ئۆزىنى تارتىپ، ياخشىلىققا يۈزلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىدىن ئاگاھ بولۇپ، يامانلىقلاردىن ئۆزىنى ساقلايدۇ.

ھېكايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ئىمام جەفرى سادىق بىر كۈنى سەپەردە كېتىۋېتىپ بىر شەھەردە ئىنتايىن ئېسىل كىيىنگەن بىر كىشىگە ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ كىشى ئىمامنىڭ ئالدىنى توسۇپ، كۆپ ئىززەت- ئىكراملار بىلەن ئۆز ئائىلىسىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇ يولدا ماڭغاچ ئۇ زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە قەيەرگە ماڭغانلىقىنى سوراپ، بۇ زاتنىڭ ئىمام جەفرى سادىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىمامنىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىلىرىنى سۆيۈپ، مېھمان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئىمام جەفرى سادىق ئۇ كىشىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى پەملەپ، ئۆزرە سورىغان بولسىمۇ ئۇ كىشىنىڭ زىيادە تەكلىپ قىلىشى بىلەن نائىلاج ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ كىشى ئىمامنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ ھويلىسىغا باشلاپ، مېھماندارچىلىقنى كاتتا قىلىپ، خىزمەت بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئىمام قايتماققا ئىجازەت سورىسا، ئۇ كىشى:

—— ئەجابا مېنىڭ تەلىيىم شۇنچە كاج بولۇرمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە رەسۇلىللا ئەۋلادى ئىمامنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە تەشنا بولۇپ تۇرغىنىمدا قايتىپ كېتىشلىرىگە ماقۇل بولماسمەن. جانابلىرى مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن غېرىبانە كۈلبىمىزنى مۇنەۋۋەر قىلدىلا. بىر نەچچە كۈن خىزمەتلىرىنى قىلىش ئارزۇيۇم بار، رەت قىلمىغايلا، — دەپ چىڭ تۇرىۋالدى.

ئىمام ئامالسىز نەچچە كۈن تۇردى. ھەر كۈنلىكى كاتتا زىياپەت بېرىپ ئىككى ھەپتە مېھمان قىلغاندىن كېيىن

ئىمام قايتىشقا تەرەددۇت قىلغاندا، ئۇ كىشى يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ ئىمامغا ئۇزاتتى. ئىمام ئۇ قەغەزنى ئوقۇپ كۆرسە، مېھماندارچىلىقتا كەتكەن چىقىملار يېزىلغان ئىكەن. ئىمام يېنىدىكى مۈلكىنى ئېتى بىلەن قوشۇپ بېرىپ، خالاس بولدى ۋە قاتتىق ئەپسۇسلاندى ھەم يالىڭاياغ پىيادە قايتتى.

ئېيتىلىشىچە: ئۇ كىشىنىڭ كۆزلىرى كىچىك، چېقىر ئىدى. ھەر كىشى ئۇشبۇ سۈرەتتە بولسا، ھىيلە-مىكىرلىك، خىيانەتكار، سەبرىسىز، ھاياسىز بولارمىش.

## قىيابەت ئىلمىنىڭ بايانى

پەيلاسوپلار، ھۆكۈمالار ۋە دانىشمەنلەر ئادىمىزاتنىڭ بارلىق ئەزالىرى، ياخشى ئەخلاق ۋە يامان سۈپەتلەرگە ئالاقىدار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىلمىي قىياس قىلىشتى ۋە ئەمەلىيەتتە تەجرىبە قىلىپ كۆردى. ھەر كىشىنىڭ سىرتقى ئەزالىرى كۆڭلىدىكى ياخشىلىق ۋە يامان سۈپەتلىرىگە دالالەت قىلىدۇ.

## باشنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ بېشى چوڭ، يۇمىلاق، چاچلىرى قېلىن، يىرىك بولسا، ئۇل كىشى ئاقىل ۋە پەم- پاراسەتلىك، ھىممەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بولماقىغا دەلىلدۇر.

ھەر كىشىنىڭ بېشى كىچىك، سوقا، چاچلىرى شالاڭ، يۇمشاق بولسا، ئۇ كىشى ئەخمەق، جاھىل، زېھنى پەس، ئەقىلسىز بولماقىغا دەلىلدۇر.

## پېشانىنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ پېشانىسى كەڭ، سىزىقى تۈز بولسا (باشقا نىشانىسى بولمىسا)، ئۇ كىشى ئاداۋەت ساقلايدىغان، يالغانچى ۋە ئالدامچى، ھاكاۋۇر، ھاۋايى- ھەۋەسلىك بولماقىغا دەلىلدۇر.

كىشىنىڭ پېشانىسى ئوتتۇراھال، سىزىقلىرى بولسا، ئۇ كىشى راست سۆزلەيدىغان، دوستىغا سادىق، ئەقىللىق، مەسلىھەتدان، بەخت- دۆلەتلىك بولماقىغا دەلىلدۇر.

كىشىنىڭ پېشانىسى تار بولسا، ئۇ كىشى ھاياسىز، نادان، قورقۇنچاق، پالاكەتتۇر.

كىشىنىڭ باش تەرىپىگە يۈزلەنگەن تىك سىزىقى بولسا، ئۇ كىشى ئاچچىقى تېز كېلىدىغان، ئۇرۇشقاق، دائىم خاپىلىقتا ئۇچراپ تۇرغاي.

كىشىنىڭ پېشانىسىدىكى ھەربىر سىزىق ئون يىللىق ئۆمرىگە ئىشارەتتۇر.



## قاشنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ قېشى ئۇزۇن، مويلىرى قېلىن بولسا، ئۇ كىشى دورامچۇق، بەختسىز، خۇيى يامان بولغاي.

كىشىنىڭ قېشى قوشۇمىقاش بولسا، باغرى يۇمشاق، مېھرى- شەپقەتلىك بولماقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر ئەر كىشى ئۇنداق بولسا، خوتۇن كىشىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇر.

ئەگەر خوتۇن كىشى ئۇنداق بولسا، جىمانى كۆپ خالايدىغان بولۇر.

كىشى قېشىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقتا، قارىلىقتا ئوتتۇراھال بولسا، ئۇ كىشى خوش تەبىئەتلىك، دىيانەتلىك، باغرى يۇمشاق بولماقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ قېشىنىڭ يۇقىرى تەرىپى توم، قۇيرۇقى تەرىپى ئىنچىكە بولسا، ئۇ كىشى ئۇششاق سۆزلۈك، ئۇرۇشقاق بولۇر.

كىشىنىڭ قېشىنىڭ باشتىن- ئاخىرى ئوخشاش توم بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەقلى كەم، ھاكاۋۇر بولۇر.

كىشىنىڭ قاش مويى ئۇزۇن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ھىممەتلىك، شجائەتلىك، ئاچچىقى يامان، جېدەلخور بولماقىغا دەلىلدۇر.

## كۆزنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ كۆزى يوغان، قارا بولسا، ئۇ كىشى غەيرەتسىز، ھورۇن بولغاي.

كىشىنىڭ كۆزى كىچىك بولسا يەڭگىل، پەمسىز بولۇر. ئەمما چوڭ- كىچىكلىكى ئوتتۇراھال بولسا، ھايالىق، ۋاپادار بولۇر.

كىشىنىڭ كۆزى چوڭقۇر بولسا، ئۇ كىشى كىشىلەرنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان، ھارامخور بولغاي.

كىشىنىڭ كۆزى پولتاي كۆز بولسا، ئۇ كىشى ھاياسىز، بېخىل بولغاي؛ كىشىنىڭ كۆزى چىمچىق بولسا، ئۇ كىشى ئالدامچى بولغاي.

كىشىنىڭ كۆزى يوغان، قىزىل، غۇبارسىز بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئۆزى كۈچلۈك بولغاي. كۆزى چېقىر بولسا ھاياسىز، ھىممەتسىز بولغاي.

كۆزى كىچىك، كۆك بولسا، ھىيلىگەر، ئالدامچى، شەھۋەتپەرەس بولغاي.

كۆزى مۆشۈكنىڭ كۆزىدەك يۇمىلاق بولسا، سائادەتمەن بولغاي.

كۆزىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى، قارا- قىزىللىقى ئوتتۇراھال بولسا، ياخشى خۇيلۇق، ياخشى ئادەتلىك بولغاي.

كۆز ئېقىدا قىزىل تومۇرلىرى بولسا، ئۇ كىشى شەھۋەتپەرەس بولغاي.

## قۇلاقنىڭ ئالامىتى

كىشى داۋزا قولاق بولسا، ياخشى ئادەم بولغاي، ئاڭلىغان نەرسىلىرىنى ئەسلا ئۇنتۇپ قالماس، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

قولىقى كىچىك بولسا، نادان، جاھىل بولغاي.

قۇلىقى ئوتتۇراھال بولسا، ئەقىل- پاراسەتلىك، سائادەتمەن بولغاي.

قولىقىنىڭ يۇمشىقى سېمىز بولسا، گاداي بولۇر.

## بۇرۇنىنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ بۇرنى ئىنچىكە بولسا، يەڭگىل، كەم ئەقىل بولغاي.

بۇرنى يوغان بولسا، قوۋۋەتلىك، ئاچچىقى يامان بولغاي.

كىشىنىڭ بۇرنى ئەگرى بولسا، گۇناھ يولىغا تولا ماڭىدىغان، ئىككى يۈزلۈك بولغاي.

بۇرنى چوڭ، ئۇزۇن، ئۇچى ئەگمەچ بولسا، ئۇ كىشى كەمبەغەل بولغاي، چوڭ- كىچىكلىكىدە ئوتتۇراھال بولسا، پەملىك ۋە ئەقىل- پاراسەتلىك بولغاي.

كىشىنىڭ بۇرنى ئوتتۇرىسى پەس، ئىككى تەرىپى ئېگىز بولسا، كەمبەغەل ۋە قاششاق بولغاي.

## لەۋنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ لېۋى سېمىز، دورداي كالپۇك بولسا، ئۇ كىشى ئەخمەق، كىشىلەرگە ئاداۋەت ساقلايدىغان بولغاي.

لېۋى نېپىز بولسا، خوش پېئىل، تەبىئىتى نازۇك بولۇر.

لېۋى قارا ياكى كۆك بولسا، بەد نەپەس بولغاي.

لېۋى قىزىل بولسا، سائادەتمەن بولۇر.

لېۋى سېرىق بولسا، ئۇ تولا كېسەل بولغاي.

## ئېغىزنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ ئاغزى يوغان بولسا، يۈرەكلىك، قوۋۋەتلىك بولغاي.

ئاغزى كىچىك بولسا، يۈرەكسىز، قورقۇنچاق بولۇر، ئەگەر ئايال كىشىنىڭ ئاغزى يوغان بولسا، ئۇنى ئەسلا ھارغۇزۇپ بولماس.

## چىشنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ چىشى يوغان، بىر- بىرىگە يېقىن بولسا، ئۇ كىشى شارارەتلىك بولغاي.

چىشى ئۇششاق، بىر- بىرىدىن ئاجرىغان بولسا، ئول كىشىنىڭ تەن سالامەتلىكى ياخشى بولغاي.

چىشى ئەگرى، باراۋەر بولمىسا، ئالدامچى، خىيانەتكار بولغاي.

چىشلىرىنىڭ ئارىلىرى ئوچۇق، چوڭ- كىچىكلىكى ئوتتۇراھال بولسا، سائادەتمەن، ئادالەتلىك، ئىنساپلىق، راستچىل بولغاي.

چىشى ئوتتۇز ياكى ئوندىن كۆپ بولسا، ئۇ كىشى ھوشيار، زېرەك بولغاي.

## تىلىنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ تىلى قىزىل بولسا، ئۇ كىشى سائادەتمەن، خۇشخۇي بولغاي. كىشىنىڭ تىلى قارامتۇل، كۆك ياكى سېرىق بولسا، نىجىس تەبىئەتلىك بولغاي.

## جۇغىنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ جۇغى ئاتىنىڭ جۇغىغا ئوخشاش ئۇزۇن بولسا، ئۇ كىشى خۇشخۇي بولغاي. سېمىز بولسا، نادان، تەكەببۇر بولغاي. ئوتتۇراھال بولسا، ئەقىل- پاراسەتلىك، پەرھىزكار بولغاي.

## بويۇنىنىڭ (گەردەنىنىڭ) ئالامىتى

كىشىنىڭ بوينى قىسقا بولسا، ھىيلىگەر، ئالدامچى بولغاي.

بوينى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولسا، ئۇ كىشى قورقۇنچاق، ئەخمەق بولغاي.

بوينى سېمىز، يوغان بولسا، راست سۆزلەيدىغان، ئىنساپلىق بار مەسلىھەت بولغاي.

بوينىدا بىر سىزىقى بولسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، ئىككى سىزىقى بولسا، پەرھىزكار بولغاي، ئۈچ سىزىقى بولسا، بەختسىز بولغاي.

## يۈزىنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ يۈزى سېمىز، گۆشلۈك بولسا، غەيرەتسىز، ئۇنۇتقاق، نادان، بەدخۇي بولغاي.

يۈزى ياغاق بولسا، ئۇ كىشى يامان نىيەتلىك ۋە گۇمانخور بولغاي، ئوتتۇراھال بولسا، خۇشخۇي بولغاي.

كىشىنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، يامان نىيەتلىك بولغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى

**ساقالنىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ ساقىلى ئاز بولسا، ھوشيار، ئەقىللىق، پەملىك بولغاي.

ئۇچكە ساقال بولسا، سەبر قىلغۇچى ۋە ئەندىشىلىك بولغاي.

ساقىلى ئۇزۇن بولسا، ئەخمەق بولغاي.

ساقىلى كۆپ، قېلىن بولسا، پەمسىز بولغاي.

**يەلكىنىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ يەلكىسى ئورۇق بولسا، يامان خىيال، پاسىق بولغاي. سېمىز، يوغان بولسا، ئەخمەق بولغاي.

يەلكىسىدە تۈكلىرى كۆپ بولسا، كەمبەغەل بولغاي. تۈكسىز، ئوتتۇراھال بولسا، ئەقىل- پاراسەتلىك، دۆلەتمەن، باغرى يۇمشاق بولغاي.

**بىلەكنىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ بىلىكى ئۇزۇن، قولتۇقى سېمىز بولسا، بەختلىك ۋە رىزقى كەڭ بولغاي.

بىلىكى كالتە، قولتۇقى ئورۇق بولسا، كەمبەغەل بولغاي.

**كۆكرەكنىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ كۆكرىكى كەڭ، سېمىز بولسا، بەختلىك بولغاي.

كۆكرىكى تار، ئورۇق بولسا، بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

**ئەمچەكنىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ ئەمچىكى چوڭ بولسا، دۆلەتمەن، پەرزەنتلىرى كۆپ بولغاي.

**قورساقنىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ قورسىقى يوغان بولسا، ئەخمەق بولغاي. ئەگەر ئوتتۇراھال بولسا بار مەسلىھەت، ئەقلى كامىل، ھوشيار بولغاي.

قورسىقىدا بىر جىجىقى بولسا، ئاۋۋال كىشى تىغى بىلەن ئۆلگەي، ئىككى جىجىقى بولسا، خوتۇن كىشىلەر بىلەن كۆپرەك مەسلىھەتتە بولغاي. ئۈچ جىجىقى بولسا، ئاقىل، ھوشيار، موللا بولغاي. جىجىقى بولمىسا، ئۇ كىشى بەختلىك، ئىقباللىق بولغاي. ھەر كىشىنىڭ كىندىكى يوغان، يۇمىلاق بولسا، دۆلەتمەن بولغاي.

**ئۇچىنىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ ئۇچىسى يوغان بولسا، قۇدرەتلىك، شىجائەتلىك، روھلۇق بولغاي. كىشىنىڭ بېلى يوغان بولسا، پەس تەبىئەتلىك بولغاي. ئوتتۇراھال بولسا، ساپادەتمەن، بەختلىك بولغاي.

**رەڭگىنىڭ ئالامىتى**

ھەر كىشىنىڭ رەڭگى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىل بولسا، ئۇ كىشى خاپاغان بولغاي.

كىشىنىڭ رەڭگى ئاق قىزىل بولسا، خۇش تەبىئەتلىك بولغاي.

كىشىنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، نىيىتى يامان بولغاي.

كىشىنىڭ رەڭگى قىزىل قارا بولسا، يامان سۆيەت بولغاي.

رەڭگى بۇغداي ئۆڭلۈك بولسا، ئەقىللىق، خۇشخۇي، پاراسەتلىك بولغاي.

**بەدەننىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ بەدىنى يۇمشاق بولسا، پەملىك، ئىرادىلىك، كۆڭلى يۇمشاق بولغاي.

بەدىنى قاتتىق بولسا، كۆچسىز، پەمسىز بولغاي.

تېرىسى نېپىز بولسا، ياخشى، ئىقباللىق بولغاي.

**موينىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ بەدىنىنىڭ مويلىرى يىرىك بولسا، شىجائەتلىك، باھادىر بولغاي. يۇمشاق بولسا، قورقۇنچاق بولغاي.

كۆكرىكىدە مويلىرى كۆپ بولسا، ئۇ كىشى ئەخلاقسىز بولغاي. مويلىرى ئاز بولسا، لاتاپەتلىك ۋە ئەقلى زىيادە بولغاي.

مويلىرى سېرىق بولسا، ئەخمەق بولغاي. قىزىل بولسا، پالۋان بولغاي. قارا يىرىكلىكتە ئوتتۇراھال بولسا، ئەقىل- پاراسەتلىك، باغرى يۇمشاق بولغاي.

كىشىنىڭ بەدىنىدىكى بىر تۈشۈكتىن بىر موي چىقسا دۆلەتمەن بولغاي. ئىككى موي چىقسا، ھۈنەرۋەن بولغاي. ئۈچ موي چىقسا تولۇق ئىبادەتمەن بولغاي. تۆت موي چىقسا، كەمبەغەل، قاشاڭ بولغاي. ئەگەر مويلىرى ئىنچىكە بولسا، بەد ھەرىكەتلىك بولغاي.

**ئاۋازنىڭ ئالامىتى**

كىشىنىڭ ئاۋازى يوغان بولسا، پالۋان بولغاي. ئەگەر ئاۋازى مۇلايىم، ئىنچىكە بولسا، خۇيى ياخشى بولۇر.

دىمىغىدا سۆزلەيدىغان بولسا، تەكەببۇر، ھارامزادە

بولغاي. ئەگەر كىشىنىڭ ئاۋازى سەت بولسا، ئەخمەق بولغاي. مۇلايىم، يۇمشاق سۆزلەيدىغان كىشى ئەقىللىق، دانا بولغاي. قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سۆزلەيدىغان كىشى ھوشيار، ئەقىل- پاراسەتلىك بولغاي.

### كۈلكىنىڭ ئالامىتى

كىشى كۈلگەندە قاتتىق ئاۋاز بىلەن كۈلسە، ئەدەپسىز بولغاي. كۈلگەندە پەس ئاۋاز بىلەن كۈلسە، ئۇ كىشى خۇش خۇلقلۇق، تەمكىن بولغاي.

### قامەتنىڭ ئالامىتى

كىشى ئېگىز بويلۇق بولسا، ئۇ كىشى پەمسىز بولغاي. ئەگەر بويى پاكار بولسا، ئۇششاق سۆزلۈك بولغاي. ئوتتۇرا بوي بولسا، ھىممەتلىك، دانا، دىلى ساپ بولغاي.

### پەنجىنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ پەنجىلىرى ئۇزۇن بولسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي. پەنجىلىرى ئىنچىكە بولسا، بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. يۇمىلاق، قاتتىق بولسا، بەدبەخلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. پەنجىلىرى ئۇچۇق بولسا، كەمبەغەل بولغاي. ئەگەر يۇمغاندا ھىم تۇرسا، دۆلەتمەن بولغاي.

### تىرناقنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ تىرناقلىرى قىزىل بولسا، ئۆلىما، سېخىي بولغاي.

### ساننىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ سانى گۆشلۈك بولسا،ئۇ كىشى كۆپرەك خوتۇن كىشلەر بىلەن سۆھبەت قىلغاي. ئەگەر قاتتىق بولۇپ، مويلىرى ئاز بولسا، كەمبەغەل بولغاي، پۇتى يوغان بولسا، ئۆمۈر بويى پىيادە بولغاي.

پۇتى ئۇزۇن بولسا، تەكەببۇر، ھەسەتخور بولغاي. ئەگەر كالتە بولسا، ئىپلاس بولغاي. ئوتتۇراھال بولسا شىجائەتلىك بولغاي.

### ئۇشۇقنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ ئۇشۇقى سېمىز بولسا، دۆلەتسىز، پەرزەنتى ئاز بولغاي.

ئۇشۇقى كىچىك، يۇمىلاق بولسا، دۆلەتمەن بولغاي.

### سونجاقنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ سونجىقى كىچىك، يۇمشاق بولسا، دۆلەتمەن بولغاي. سونجىقى يوغان بولسا، كەمبەغەل بولغاي.

سونجىقى سېمىز بولسا، يول ماڭغاندا يانغا ئىنزى چۈشىدىغان بولسا، ئۇ كىشى ئوغرى بولغاي.

### تاپاننىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ تاپىنى يۇمىلاق، تۈكسىز بولسا، سائادەتمەن بولغاي.

ئەگەر سوقا يانپاش بولسا، بەختسىز بولغاي.

ئەگەر تاپىنىنىڭ ئاستى سېرىق ۋە قارا بولسا، پەرزەنتى ئاز بولغاي. ئەگەر تاپىنىنىڭ ئاستى سېمىز بولسا، پىيادە يۈرگۈچى بولغاي. قىزىق، يۇمشاق بولسا، ئەقىللىق، دۆلەتمەن بولغاي.

### پۇت پەنجىنىڭ ئالامىتى

كىشىنىڭ پۇت پەنجىسى ئىنچىكە بولسا، پەملىك بولغاي. كالتە، يوغان بولسا، زېھنى پەس بولغاي. ئەگەر پەنجىلىرى بىر- بىرىگە يېقىن بولسا، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. يىراق بولسا، پەرىشانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر باش بارماقتىن ئىككىنچى بارماق يوغان بولسا، بەختلىك، مالدار، كۆپ خوتۇنلۇق بولغاي. خوتۇنى ئۇز ھۇزۇرىدا ئۆلگەي.

مەزكۇر پەنجىسى كالتە بولسا، خوتۇنىدىن ئىلگىرى ئۆلگەي، پەنجىسى كىچىك بولسا، ئۇ كىشى يامان سۈپەتلىك بولغاي. باش بارمىقى يوغان، كالتە بولسا، جاھانكەچتى بولغاي، پەنجىسى سېرىق، كالتە بولسا، ئەيىبدار بولغاي. ئەگەر قىزىل، چىرايلىق بولسا، پەرزەنتمەن بولغاي.

※ ※ ※

بۇ قىياپەت ئىلمى ھەرىكىتىدە يامان ئالامەت كۆپ، ياخشى سۈپەتلەرگە دالالەت قىلىدىغان سۈپەت كەم بولسا، ئۇ كىشى يامانلىق تەرەپكە ئېغىپ ئەتكەي. ئەگەر ياخشى سۈپەتلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەت كۆپ بولسا، ياخشىلىق تەرەپكە نېسىپ ئەتكەي، ھەر ئىككىسى باراۋەر بولسا، ئىككىدە ئوخشاش بولغاي. يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر- خوتۇنلارغا ئورتاقتۇر.

تەييارلىغۇچى: **مۇھەممەد تۇرسۇن نەمتۇللا**
(خوتەن ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)،

مۇھەررىرى: **مۇختار مۇھەممەد**

# بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى

ئەسەت سۇلايمان

## 3. چۆكمە مەدەنىيەت ۋە قۇملۇقتىكى «گۆزەل ئىزدىگۈچىلەر»

قۇملۇقلاردىكى پايانسىزلىق بىلەن بوستانلىقلاردىكى چەكلىمىلىك ھامان كىشىلەردە بىر خىل قىيچىپ قوتۇلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىك كەيپىياتنى ھاسىل قىلىدۇ. تەكلىماكاننى چۆرىدەپ، بىر- بىرىدىن مۇئەييەن ئارىلىقتا ئايرىلىپ تۇرغان بوستانلىقلار گويا بارخانلار ئارىسىغا مەڭگۈ بەنت قىلىۋېتىلگەندەك كىشىگە يېتىملىك، غېرىبلىق ۋە دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغانلىقتەك خامۇش ھېسسىياتنى بەخشەندە قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ يەردە ياشىغۇچى بوستانلىق خەلقلىرى ئاشۇ چەكلىك دائىرە ئىچىدە ياشاپ، چەكسىز دۇنيانى خىيال قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ قۇرغاق كەيپىياتىنى رومانتىك ھېس- تۇيغۇلار بىلەن ھۆلدەشكە، زېرىكەرلىك ھايات چەمبىرىكىنى ئىلاھىي، سېھرىي ۋە غايىۋى مەزمۇنلار بىلەن كېڭەيتىشكە كۆنۈكۈپ كەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۈچۈن يوللارنىڭ ئۇزاقلىقى، تۇرمۇشنىڭ بىر خىللىقى، قۇملۇقلارنىڭ جىمجىتلىقى ھېچ گەپ ئەمەس. ئۇلارغا نىسبەتەن ھەر بىر تال قۇم دانىچىسىدا، سۇرۇەڭ قۇم بارخانلىرىدا، توپىلىق يوللاردا، جاھاننى مالىمان قىلىدىغان قۇم بورانلىرىدا ۋە توغراقلارنىڭ قاغجىرىغان شاخلىرىدىمۇ ئۆزىگە خاس مەنە، ھاياتىي مەزمۇن بار. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان تونۇشى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ ئوخشىماسلىقلار شەكىللەنگەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدا بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ خانىمى بولۇپ تۇرغان دىئاننا سىمپتون ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىشتىن بۇرۇن، مەندىكى قۇملۇق ئۇقۇمى كىشىلەردىكى ئادەت بولۇپ كەتكەن قاراشقا ئوخشاش ئىدى، كۆز يەتكۈسىز پايانسىز قۇملۇق، تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى نامايان قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىرخىل <رومانتىك> كەيپىيات ئاتا قىلاتتى. ھەممىلا جاي بەئەينى بىر غايىبانە مەنزىرە، قۇملۇقتىكى قەبىلە باشلىقى، قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان تۆگىلەر... مانا بۇلار قۇملۇقتىكى رومانتىك كەيپىياتنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ... لېكىن مەن شىنجاڭدا باشقىچە بىر قۇملۇق مەنزىرىسىنى كۆردۈم. بۇ يەردىكى قۇملۇق تېخىمۇ شەپقەتسىز، سۈرلۈك، تىمتاس، زېرىكەرلىك ئىدى، كۆل رەڭ شېغىل پۈتۈن يەر يۈزىنى قاپلىغانىدى، بەزىدە دەل- دەرەخ، گىياھ توسۇۋالغان تاشلارمۇ ئۇلاردىن قوتۇلۇپ ئۆيۈق سىزىقىغىچە يېيىلغاندەك كۆرۈنەتتى، يىراقتىن ئەينەكتەك يالتىرىغان مەنزىرىلەر كۆزگە چۈشەتتى. بۇ مەنزىرىلەر رومانلاردا تەسۋىرلەنگەن سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدە دائىم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئادەمنى كولدۇرلىتىدىغان دەرەخلەرنىڭ ئەكس سايىسىغىمۇ، ئادەمنى خۇشاللىقتا چۆمدۈرۈپ، ئارقىدىنلا مەيۈسلەندۈرىدىغان خىيالىي مەنزىرىلەرگىمۇ ئوخشىمايدۇ. شىنجاڭدىكى قۇملۇقلارنىڭمۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەرەپلىرى بار، چەكسىز كەڭلىكى، ئۇلۇك ۋە زېرىكەرلىكىدىن باشقا، قۇملۇقتىكى جىمجىتلىق ۋە ئۇنىڭ كۆلىمى ئادەمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ ھەمدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت ۋە ئىلھامنى قوزغايدۇ...»①

مانا مۇشۇنداق ناچار تەبىئىي مۇھىتتا، تىمتاس ۋە زېرىكەرلىك كەيپىياتتا ھەمدە «گويا بىر مەھبۇسقا ئوخشاش، ئۆز ئەتراپىدىكى جۇغراپىيىۋى مۇھىت تەرىپىدىن قامال قىلىنغان»② دۇملەنمە شارائىتتا ھەممىگە مەشھۇر بولغان تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتى يارىتىلدى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى، قۇم بورانلىرىنىڭ زەربىسى، دەريالارنىڭ ئۆز ئېقىنىنى يۆتكىشى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن مۇنبەت بوستانلىقلار ۋە قەدىمىي شەھەرلەر قۇم ئاستىغا غەرق بولدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر گويا قۇم ۋە قۇرغاقچىلىق بىلەن ئېلىشىشقا يارالغاندەكلا نەدە سۇ بولسا، شۇ يەرگە سۈرۈلۈپ يېڭى بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ كەلدى. تاغ، بوستانلىق ۋە قۇملۇقنىڭ گىرەلەشمە ھالەتتىكى بىر- بىرىنى شەرت قىلىدىغان مۇناسىۋىتى بۇ رايوننىڭ تارىختىن بۇيانقى مەڭگۈلۈك تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنى ھاسىل قىلدى.

تالاي يىللار، ئاجايىپ قىسمەتلەر ئۆتۈپ كەتتى. تەكلىماكاندىكى قانچىلىغان قەدىمىي شەھەرلەر خارابىگە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ياكى يېرىم گەۋدىسىنى قۇم بېسىپ كەتتى. يېڭى

بېشى ئۆتكەنكى ساندا

بوستانلىقلارغا كۆچۈپ كەتكەن كىشىلەر ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن قەدىمىي شەھەرلەردىكى تارىخىنى ۋە ئاجايىپ كەچمىشلىرىنى پاك- پاكىز ئۇنتۇپ كېتىشتى. ئېھتىمال ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجدادلىرى ياشىغان ئاشۇ تاشلاندۇق خارابىلەرنى «قالماق شەھىرى» دەپ ئاتاشتى. ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ مۇشۇ جايلاردا ياشىغانلىقىنى، قۇم ئاستىغا غەرق بولغان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتى.

تەبىئەتنىڭ تىنىمسىز زەربىسى ۋە بوستانلىقلاردىكى ھاياتنىڭ چەكلىمىلىكى بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تارىخ تۇيغۇسىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى. قەدىمكى تارىخ بىلەن ئۇلارنىڭ بۈگۈنى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئۇزارغانسېرى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشكە بولغان ھەقدارلىق ھېسسىياتى بارغانسېرى سۇسلىشىپ كەتتى. ئىسلامىيەتنىڭ 10- ئەسىردىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارغا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە ئىلگىرىكى پارلاق بۇددىزم مەدەنىيىتى بىلەن قاتتىق چەك- چېگرا ھاسىل قىلدى. شۇندىن باشلاپ، قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمكى خارابىلەرگە ۋە ئۇنىڭغا دۆملەنگەن مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئۇلاردا بىر خىل ئىنكارچىلىق خاھىشى شەكىللىنىشكە باشلىدى. قۇم ئاستىدىكى ئاشۇ رەڭدارلىقى جۇلالىنىپ تۇرغان مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرىنى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ياراتقانلىقىغا، يەنە كېلىپ ئاشۇ قەدىمىي مەدەنىيەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

*زامان پاراۋۇزى* توختىماستىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ۋاقىت نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇلدۇرىۋەتتى. بوستانلىقلاردىكى ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل تىمتاس ۋە تىندۇرما ھايات ئۆز رىتىمى بويىچە داۋام قىلماقتائىدى، ئەمدىلىكتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا تىنىپ كەتكەن قەدىمكى مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىدىن پەقەتلا كىشىنى ھەم جەلپ قىلىدىغان ھەم ۋەھىمىگە سالىدىغان ئاجايىپ- غارايىپ ئەپسانە- رىۋايەتلەرلا قالغانىدى.

قۇملۇق خەلقلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەدىمكى يوقالغان شەھەرلەر، ئالتۇن- كۈمۈش قاچىلانغان سىرلىق ساندۇقلار ۋە ئىشىكلىرى ئەپسۇن- جادۇ بىلەن ئېتىۋېتىلگەن خەزىنىلەر ھەققىدىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەر مىسلىسىز تارتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، خۇددى ياۋروپالىق دېڭىز تەۋەككۈلچىلىرى شەرقتىكى ئالتۇن- كۈمۈش ۋە خۇش پۇراق ماتېرىياللار بىلەن تولغان سىرلىق ئاراللار ھەققىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان رىۋايەتلەرگە ئىشىنىپ، تۈركۈم- تۈركۈملەپ دېڭىز سەپىرىگە ئاتلانغىنىدەك، مەركىزىي ئاسىيادىكى پىنھان بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن بۇ ساددا كىشىلەرمۇ ئاسادىيىپ كېلىپ قالىدىغان سىرلىق ئامەتلەرگە ۋە دىنىي رىۋايەتلەردىكى «شۇڭقەدىرى كېچىسى»گە شەكسىز ئىشىنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلاردا ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك، گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى پەيدا قىلالايدىغان سۇپرا، پادىشاھلىق تەختىنى ئاتا قىلالايدىغان سۇمۇرغ قۇش ۋە كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ھۆر- پەرىلەر ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەرنىڭ كەڭ تۈردە ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق ئىدى. ئۇلار ھەتتا ئەرەبلەر، پارسلار، ھىندىلار ۋە قەدىمكى يۇنان- رۇملۇقلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەر پادىشاھ، سىندىباد ساياھەتچى، ئەسھابۇل كەھف، ئەلى بابا ھەققىدىكى مەشھۇر رىۋايەتلەرنىمۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرىۋېتەلەيتتى.

ھالبۇكى، ئاسادىيىلىق ئىچىدە ئامەتكە ئېرىشىش، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىراقلا بېيىپ كېتىش ھەمدە تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش پىسخىكىسى بوستانلىق خەلقلىرى ئىچىدە ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي قاتلام —— قۇملۇقتىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نى شەكىللەندۈردى.

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» —— قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، چوڭ تىپتىكى قەبرىستانلىقلار ۋە مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرىنى تىمىسقىلاپ ئاختۇرۇپ، بايلىققا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان «تەلەي سىنىغۇچىلار» گۇرۇھى ئىدى. ئۇلار خەلق ئىچىدە «كېپەن ئوغرىلىرى» دېگەن قورقۇنچلۇق نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىق پائالىيەتلىرى دەسلەپتە كونا قەبرىلەر ۋە خارابىلەرنى قېزىپ ئالتۇن- كۈمۈش ھەمدە پۇلغا يارىغۇدەك بۇيۇملارنى ئىزدەش بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. ئەمما 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن باشلاپ ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەر ۋە ئېكسپېدىتسىيىچى خادىملار ئارقا- ئارقىدىن تارىم ئويمانلىقىغا يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ جايدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ۋە

www.uyghurkitap.com



جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مەخسۇس ئاسار- ئەتىقە، قەدىمكى قولىيازمىلار، ھەر خىل تىللاردىكى ھۆججەتلەر، لاي پۇتۇكلەر ۋە نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ، ياۋروپادىكى ھەر قايسى مۇزېيلارغا يولغا سالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپ خوتەن بوستانلىقلىرىدا «<گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر>، <كېپەن ئوغرىلىرى> ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە شەكىللىنىپ ئۈلگۈردى. ئۇلارنىڭ قارا قولى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى دىن ئىلگىرىلا كونا خارابىلەرگە تېگىپ بولغانىدى»③.

ئۇلار خوتەن بوستانلىقىدا ئالاھىدە ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە ئۇيۇشۇۋاتقان بىر پەيتتە، يەركەن، قەشقەر، كۇچا ۋە تەڭرىتاغ بوستانلىقلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنى جىددىي رەۋىشتە مەيدانغا چىقتى. چۈشىدىمۇ پۇل ۋە بايلىق چۈشەيدىغان بۇ تەۋەككۈلچىلەر ھاياتىنى دوغا تىكىپ قەبرىمۇ قەبرە، خارابىمۇ خارابە ئايلىنىپ يۈردى. قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلىرىنى بىر قانچە تەڭگىگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆك كۆز، سېرىق چاچ پەرەڭلەرنىڭ يولىغا كۆزلىرى تېشىلگىچە قاراپ تۇرۇشتى. تويۇقسىز بىر كۈنى قاياقتىندۇر بىر ئەجنەبىي پەرەڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ ئۇلار ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك تەرەپ- تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ «ئولجا»لىرىنى ئۇنىڭغا كۆز- كۆز قىلاتتى، چىڭقىلىپ تۇرۇپ باھا تالىشاتتى. ئاخىردا بىر قانچە تەڭگە ئېرىشكەندىن كېيىن «خۇداغا شۈكۈر، ئەسكى- تۈسكى، جۇلدۇر كېپەنني شاراقلاپ تۇرىدىغان تەڭگىگە ئالىدىغان ئەخمەق پەرەڭنى ئەجەب بايقىدىم!» دېگىنىچە ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرقىسىم پىشقانلىرى ھەتتا ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تېپىلمىلارنى ئەرزان باھادا يىغقاندىن كېيىن، ئەجنەبىي پەرەڭلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۇزاق دەشت- باياۋانلارنى كېزىپ قەشقەرگە باراتتى ھەمدە ئەنگلىيە، چاررۇسىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىغا سېتىپ بېرەتتى. چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قارىغاندا، 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىدە خوتەن ۋە يەركەن بوستانلىقلىرىدىن بىر قىسىم كەسپىي «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ ئۆز«ئولجا»لىرىنى ئات- ئېشەككە ئارتىپ، قاراقورۇمدىكى شەيدۇللا ئېغىزى ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىدىكى گىلگىت، سىرىناگار، خۇنزا قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى ئەنگلىيىلىك ئاسار- ئەتىقە سودىگەرلىرى بىلەن بىۋاستە سودىلاشقانلىقى مەلۇم.

ئاۋرىل ستەيىن ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «<گۆھەر ئىزدەش> دېگىنىمىز، ئىلگىرى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، ھازىر تاشلىنىپ قالغان جايلارغا بېرىپ، قىممەتلىك مېتاللارنى ئىزدەش ئىدى. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن خوتەن بوستانلىقىدا بىر خىل ئادەت بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئالتۇن چايقاش، قاشتېشى قېزىش... قاتارلىقلار. ئامەت كېلىپ قالار دەپ <گۆھەر ئىزدەش>، ئەمەلىي تىرىكچىلىك يولىنى تاپالمايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز بىر خىل ئېزىقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر ھەم باشقا جايلاردىن كەلگەن ياۋروپالىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ تەلىپى بىلەن يېرىم كەسپىلىشىپ كەتكەن بۇ <گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر> بەلگىلىك مۇددەتتە قەدىمكى خارابىلەرنى زىيارەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئىزدەشنى پۇل تېپىشنىڭ ئىككىنچى كەسپى قىلىۋالغانىدى»④. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خوتەن بوستانلىقىدا تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، تەلەي سىناپ باقىدىغان «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، تەكلىماكاندىكى مەدەنىيەت ئەتكەسچىلىكى ئەجنەبىيلەرنىڭ بىر قانچە تەڭگىسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئادەملەر —— قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنى قورغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى كولاپ، كېپەنلىرىنى بۇزدى. قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى ئاختۇرۇپ، قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى ساتتى. قەدىمكى خارابىلەردىن يىغىۋېلىنغان زور مىقداردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۆلگەن تىللاردىكى ۋەسىقە ھۆججەتلەر توپ- توپى بىلەن روسىيىنىڭ پېتېربۇرگ شەھىرىگە، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن، ھامبۇرگ شەھەرلىرىگە، ئەنگلىيىنىڭ لوندون، شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى مۇزېيلارغا ئېلىپ بېرىلدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ياپونىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىمۇ بۇ قىممەتلىك «ئولجىلار»دىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمىدى. ئامېرىكىلىق ۋارنېر 1923- يىلى تورپان بېزەكلىكتىكى 12 پارچە تام رەسىمىنى خىمىيىۋى ئېرىتمە بىلەن قومۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن: «20 يىلغا قالمايلا بۇ يەرنىڭ ھېچبىر

كۆرگۈچىلىكى قالمايدۇ!» دېگەنىدى.

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ئۆزلىرى يىغىۋالغان تۈرلۈك بۇيۇملارنى ئەجنەبىيلەرگە سېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن «گۆھەر يىغقۇچى» پەرەڭلەرگە يول باشلىغۇچى بولدى. ئۇلار ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ سۋېن ھېدىن، ئاۋرېل ستەيىن، گرۇنۋېردىل، فون لېكوك، پېللىئوت ۋە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىگە ياللىنىپ، ئۆزلىرى بىلىدىغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەجنەبىيلەرنى باشلاپ باردى، ئۇلارنىڭ قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن مەدەنىيەت جاۋاھىرلىرىنى كولاپ ئېلىپ كېتىشىگە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى. ئەجنەبىي پەرەڭلەرنىڭ نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى، قانداق نەرسىلەر پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشتى.

بۇنىڭ بىلەن «كېيەن ئوغرىلاش»نى كەسىپ قىلغان بۇ «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەر يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆز ئەجدادلىرى قالدۇرغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەجنەبىيلەرنىڭ ئەرزىمەس تەڭگىلىرىگە تېگىشىشكە خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشتى. ئۇلار ئۆزلىرى سېتىۋاتقان ئاشۇ «ئەسكى- تۇسكى»لەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ قەيەرلىرىگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشۇ نەرسىلەرگە ھاجەتمەن بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدى. پۈتۈن دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان، مىللىي ئاڭ ۋە دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تارىم ئويمانلىقىدا يۈز بېرىۋاتقان مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئازابلايتتى. ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەسلىك، ئۆز ئۆتمۈشىنى پاك- پاكىز ئۇنتۇپ كېتىش، ئۆز قولى بىلەن ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى كولاپ، كېپەنلىرىنى باشقىلارغا سېتىش ھەمدە تارىختا، ئۆتمۈشكە، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسبەتەن قىلچىمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولماسلىق... مانا بۇ بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي تراگېدىيىسى ئىدى!

ستەيىن ئۆزىنىڭ خوتەندىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ قولىدىن قانداق قىلىپ بىر مۇنچىلىغان يادىكارلىقلارنى يىغىۋالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «خوتەندە تۇرۇپ قالغان قىسقىغىنا بىر نەچچە كۈن ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك يەرلىك دېھقانلار ۋە ‹گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر› ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى پۇل، ساپال ھەيكەل ۋە باشقا قەدىمكى بۇيۇملارنى تەكشۈرۈشكە كەتتى. تاغارغا لىق قاچىلانغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سۇنۇپ كەتكەن ساپال پارچىلىرى، مىنال پۇللار بولۇپ، ئۇلار يوتقان خارابىسىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇرۇنقى يىغىپ ساقلانغان قەدىمىي بۇيۇملار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى داڭلىق بۇيۇملار بار ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش مەن ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى بىر چېنىقىش بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن كەسپىي ‹گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر›نىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ئۈچۈن، دەسلەپىدىلا كۆپ مىقداردا سېتىۋېلىشىم كېرەك دەپ ھېس قىلغانىدىم. تەبىئىيكى، مەنمۇ ئاشۇ ناتونۇش يېزىقتا يېزىلغان ياكى ‹ئويما باسما›دىكى ‹قەدىمىي كىتاب›لارنى سورۇشتە قىلىشقا دىققەت قىلدىم. يوقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەشقەردىكى ياۋروپالىق يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ قولىدا خوتەندىن سېتىۋېلىنغان بۇنداق قەدىمىي كىتابلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى»⑤.

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوملۇقلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى بەش قولدەك پىششىق بىلەتتى. قانداق ۋاقىتلاردا قوملۇقلاردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى، قانداق جاينى كولىسا نېمىلەر چىقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلاردا ئاجايىپ بىر خىل پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سەزگۈ مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ تەبىئىي ئىقتىدارىغا تايىنىپ، باشقىلارغا دېگىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك قىيىن تۇيۇلىدىغان قوملۇقتىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ئاسانلا تېپىۋالاتتى. چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ يەرلەرگە قەدەم بېسىشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ ئاياغ ئىزلىرى ھەر قايسى خارابىلەرگە بېرىپ ئۇلگۈرگەن ۋە ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى بىر قۇر قىدىرىپ بولغانىدى. تەكلىماكانغا دەسلەپ قەدەم باسقان چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىدىن سۋېن ھېدىن، «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىق بايلىق ئىزدەش يۈرۈشلىرى بولمىغىنىدا، بەزى مۇھىم مەدەنىيەت ئىزلىرىنى بىر قەدەر ئەسلى قىياپىتى بىلەن ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نوقۇل ئالتۇن- كۈمۈشتىن باشقا بارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەرزىمەس نەرسىلەر دەپ بۇزۇپ- چاچىدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە

بۇتلارنىڭ ئىچىدىن گۆھەر چىقىدۇ، دەپ بۇتلارنى چاقىدىغانلىقىنى يازىدۇ.⑥ سۆزىن ھېدىن يەنە بۇ كىشىلەرنىڭ قۇملۇقنىڭ ماۋارايىغا ناھايىتى سەزگۈر ئىكەنلىكىنى، كېرىيىنىڭ بۇراسان دېگەن يېرىدىكى بۇ كەسپى «كېپەن ئوغرىلىرى»نىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان چوڭ بوراندىن كېيىنكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئىچىلىپ قېلىش پەيتىنى زادى قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.⑦

خوتەن بوستانلىقىدىن باشقا، يەركەن، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق يۇرتلاردىمۇ زور بىر تۈركۈم «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنى ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز تۇردىكى تەۋەككۇلچىلىك خاراكتېرلىق قىدىرىشلىرى ۋە «تەلەي سىناش»لىرى نەتىجىسىدە قەدىمكى خارابىلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. سان- ساناقسىز يادىكارلىقلار ناتونۇش پەرەڭلەر تەرىپىدىن ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كېتىلدى. ئالتۇن-كۈمۈش ۋەسۋەسىسى بۇ كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قىزدۇرۇپ، ھەتتا ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە ئېلىپ باردى. ستەيىن بىرىنچى قېتىم خوتەنگە كېلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا تەكلىماكاندىكى بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن ئاجايىپ نەپىس ياسالغان بىر مۇنچە بۇتلارنى بايقىغان بولۇپ، ئېلىپ كېتىشكە ئېغىر ھەم قولايسىز بولغانلىقتىن ئامالسىز قايتىدىن قۇمغا كۆمۈپ قويىدۇ. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ خوتەنگە ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىدە ھېلىقى خارابىگە بېرىپ ئىلگىرى كۆمۈپ قويغان بۇتلارنى ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بايلىق تەمەسىدە ئەسەبىيلەشكەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» بۇ بۇتلارنى ئاللىقاچان كولاپ چىقىرىپ، ئىچىدە ئالتۇن- كۈمۈش بارمىكىن دەپ چېقىپ پارە- پارە قىلىۋېتىكەنىدى. ستەيىن بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىغانلىقىنى يازىدۇ.

ئۇنىدىن باشقا شۇ يىللاردا يەنە ھەر قايسى بوستانلىقلاردا كونا خارابىلەرنى بۇزۇپ، ياغاچ- تاشلىرىنى ئىشلىتىش، «ئوغۇت قىلىش» مەقسىتىدە كونا ئىمارەتلەرنى ئۆرۈش، تۇپىلىرىنى ئېلىپ كېتىش ئىشلىرى خېلى ئەۋج ئالغانىدى. غەرب سەييالىرى يازغان بەزى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپانلىق بىر دېھقاننىڭ كونا ئىدىقۇت خارابىسى تۇپىسىنى كەتمەندە چوقۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇ تۇپىنى چوقۇيدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، ئۇنىڭ بۇ تۇپىنىڭ يەرگە ناھايىتى ياخشى ئوغۇت بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى مەلۇم.⑧ ھەتتا بەزى دېھقانلارنىڭ كونا خارابىلەرنى كولاپ تۇپىسىنى ئېلىش جەريانىدا ئۇچرىغان قەدىمكى قوليازما ۋە ھۆججەتلەرنى ئاتالمىش موللىلارنىڭ «يامان بولىدۇ»، «دىنسىزلارنىڭ كۇپرىلىق يازمىلىرى» دېگەن پەتىۋالىرى بىلەن نابۇت قىلىۋەتكەنلىكى كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. گېرمانىيىلىك فون لېكوك ئۆزىنىڭ «جۇڭگو تۈركىستانىدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» ناملىق كىتابىدا تۇرپان ئاستانىلىق بىر دېھقاننىڭ ئىدىقۇت خارابىسىدىكى بىر تام ئارىسىدىن بىر هارۋا توشقۇدەك كونا قوليازمىلارنى تېپىۋالغانلىقىنى، بىراق موللامنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، سۇغا ئاقتۇرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى يازىدۇ⑨. بۇ دېھقاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قوليازمىلارنىڭ سەھىپىلىرى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ھەر خىل رەڭدار رەسىملەر بىلەن بېزەلگەنىكەن. تۇرپان، كۇچا تاشكېمىرلىرىدە ئاتايىن سامانغا ئوت يېقىپ ئىسلاپ غەيرىي دىنىنىڭ تام رەسىملىرىنى قارايتىۋېتىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن⑩.

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» كونا خارابىلەردىكى پۇلغا يارىغۇدەك مېتال بۇيۇملار، ساپال قاچىلار، لاي بۇتلار ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بىر قۇر سېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە ئەجنەبىي پەرەڭلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلارغا، كونا قوليازمىلارغا بەكمۇ قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەڭ كۆلەمدىكى كونا قوليازمىلار ۋە قەدىمكى يازما ۋەسىقىلەرنى يىغىپ سېتىش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. بۇنداق قوليازما ۋە قەدىمكى ھۆججەتلەرنى ساتقۇچى بېدىكلەر ھەممىلا يۇرتلاردا بار بولۇپ، خوتەندە ئىسلام ئاخۇن، نىياز موللام ۋە تۇردى ئاخۇنلار خېلىلا مەشھۇر ئىدى. بولۇپمۇ ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا قولىيازما ياساپ سېتىشتەك قىلمىشلىرى يىراقتىكى ياۋروپالىقلارنىمۇ چۆچۈتىۋەتكەنىدى. كونا كىتاب ۋە قولىيازمىلار سودىسى ئەينى چاغدىكى چەت ئەللىكلەر كۆپ كېلىدىغان قەشقەردە خېلىلا كەسىپلەشكەنىدى. گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ «قەشقەرىيىگە قايتا سەپەر» ناملىق ئەسلىمىسىدە، 1929- يىلى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم بارغان چېغىدا، بۇ شەھەردە كونا قولىيازمىلارنى ساتقۇچى بېدىكلەرنىڭ خېلىلا كۆپلۈكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ روزى ئاخۇن دەيدىغان بىر قولىيازما تىجارەتچىسى بىلەن تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «روزى ئاخۇن بىر كۈنى بالىخانىدىكى ئۆيۈمگە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەل. <ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم> دەپلا پەگادا ئولتۇرۇپ، دۇمبىسىدە

خورجۇنىدىن ساتىدىغان نەرسىلىرىنى چىقاردى. ئۇ باشتا ماڭا نەپىس گۈللەر چېكىلگەن خوتەننىڭ مىس چۆگۈننى كۆرسەتتى، كەينىدىن قەشقەردە سوقۇلغان كومۇش زىرىنى تەڭلىدى. بۇ ئىككى نەرسىنى شۇ ئانلا ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ خورجۇنىدىن يەنە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنىڭ مەلۇم يېرىدە ئىشلەنگەن كورۇشكا، سىر بېرىلگەن قاچا، بىر نەچچە كەشتە ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى چىقاردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر هازاغىچە سودىلىشىپ يۈرۈپ، مىس چۆگۈن بىلەن كومۇش زىرىنى ئالدىم. قالغان نەرسىلەر ئۆزىگە قالدى. مانا بۇ روزى ئاخۇن بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى سودا- سېتىقنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا ئۆزئارا تونۇشۇشىمىزنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. كېيىنچە بۇ خىل تونۇشۇش دوستلۇققا ئايلاندى. روزى ئاخۇن نېمىگە بەك قىزىقىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا كىتاب ۋە قولىيازمىلارغا قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ كېلەركى نۆۋەتتە ئەكىلىشكە لەۋزى قىلدى».(11)

ئومۇمەن ئېيتقاندا، قەدىمكى قولىيازما ۋە هۆججەتلەرنى ئاساس قىلغان «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قاتلىمى خوتەن بوستانلىقىدا باشقا ھەرقانداق رايونلارغا قارىغاندىمۇ خېلىلا كەسىپلەشكەنىدى. ئىسلام ئاخۇننى مەركەز قىلغان «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» گورۇھى ئەجنەبىيلەرنىڭ كىتاب ۋە قەدىمكى قولىيازمىلارغا بەكرەك قىزىقىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، تۇنجى تۈركۈمدىكى «ئولجا»لىرىنى بىۋاستە قەشقەرگە ئاپىرىپ سېتىپ خېلىلا پايدىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ ئاللىقاچان ئاياغلىرى تېگىپ بولغان قەدىمكى خارابىلەردىن قىممەتلىك يازما ۋەسىقىلەرنى ئىزدەپ تېپىش تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى «ئولجا»لارغا داۋاملىق ئېرىشىش ئۈچۈن چۆل- جەزىرىلەردە ئاي- ئايلاپ تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا، باشقىلار بېرىپ باقمىغان يېڭى خارابىلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا توغرا كېلەتتى.

خاراكتېرى خوتەن كىشىلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان، قوزۇلۇق- شوملۇقتا خېلى يېتىلگەن ئىسلام ئاخۇن چۆل- جەزىرىلەردىكى هاياتنى دوغا تىكىپ «گۆھەر ئىزدەش» جاپاسىنى قايتا تارتىشنى خالىمىدى. خۇددى ستەيىن ئېيتقاندەك «بۇنداق زېرىكىشلىك قۇم بارخانلىرىنى ئاختۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى جاپالىق، شۇنداقلا قەدىمكى نەرسىلەرنى تېپىش ئۇمىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇ ئىسلام ئاخۇندەك ئەقىللىق ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەدىمي كىتابلارنى ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۆتىۋەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئويلاپ چىققان».(12)

شۇنداق قىلىپ، ئىسلام ئاخۇن ئىبراھىم موللا باشچىلىقىدىكى بىر قانچە شېرىكلىرى بىلەن ساختا قولىيازمىلارنى ياساشقا رەسمىي كىرىشكەن. ئىبراھىم موللا رۇسچىنى ئازراق بىلگەچكە روسىيىلىك «قەدىمىي كىتاب» ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا، ئىسلام ئاخۇن ئاساسلىقى ئەنگلىيىدىن كەلگەن كىشىلەرنى ۋە باشقا يىغىپ ساقلىغۇچىلارنى تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان.(13)

ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ياسىشى بىلەن پۈتكەن تۇنجى تۈركۈمدىكى «قەدىمىي كىتابلار» 1895- يىلىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىلىرىغا مۆۋەپپەقىيەتلىك هالدا سېتىلغان. بولۇپمۇ 1895–1898- يىللىرى ئارىلىقىدا ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا سېتىۋېلىنغان تۈرلۈك ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى خوتەندىكى ئاتاقلىق «گۆھەر ئىزدىگۈچى» ئىسلام ئاخۇندىن سېتىۋېلىنغان.(14) خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن بۇ ساختا قولىيازمىلار ھەتتا كالكۇتتا، لوندون، پارىژ ۋە سان- پېتېربۇرگ مۇزېيلىرىغىچە يەتكۈزۈلگەن. ستەيىن ئىككىنچى قېتىم خوتەنگە كەلگىنىدە ئىسلام ئاخۇننى تۇتۇپ سوراق قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، دەسلەپتە ياسالغان ساختا قولىيازمىلار دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىۋېلىنغان ھەقىقىي قولىيازمىلارنىڭ پارچە بەتلىرىدىكى ئۇلاپ يېزىلغان براخمى يېزىقى نۇسخىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان. گەرچە بۇ ساختىپەزلەر باشتىن- ئاخىر ئۆزلىرى بىلمەيدىغان بىرەر يېزىقتا مەزمۇنلىرى باغلىنىشىدىغان بىرەر كىتابنىمۇ ياسىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپكى ساختا ماللىرى ناھايىتى نەپىس، ياخشى ياسىلىپ، بىر مەزگىل ياۋروپالىق ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئالداپ كېتەلىگەن.... بۇ مەھسۇلاتلار قەشقەردە ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلىپلا قالماي، بەلكى لاداق بىلەن كەشمىردىمۇ ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلغان. بۇ ساختا مال ياسىغۇچىلار ئۈچۈن زور رىغبەت بولغان. ئىسلام ئاخۇن ئۆزلىرى ياسىغان كىتابلارنىڭ ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلىۋاتقانلىقىنى ھەم بىرەر ياۋروپالىقنىڭ بۇ يېزىقنى بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا بايقىۋالغان.

www.uyghurkitap.com



شۇڭا ئۇلار قەدىمكى ۋەسىقىلەردىكى ھەقىقىي خەت نۇسخىلىرىنى ئۇنچىلىك ئىنچىكە دورىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلگەن- دە، ئۆزى خالىغانچە <ناتونۇش يېزىق>لاردىكى ھۆججەتلەرنى ياساۋەرگەن»[15].

ستەيىننىڭ ئىسلام ئاخۇننى سوراق قىلغان خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ساختا قولىيازمىلارنى قولدا ياسىغاندا ئىش ئۇنۇمى ناھايىتى ئاستا بولغان. شۇڭلاشقا ئىسلام ئاخۇن كىچىك تىپتىكى زاۋۇت قۇرۇپ، ياغاچ تاختىلارغا خەت ئويۇش ئارقىلىق كۆپ مىقداردىكى خوتەن قەغىزىگە ھەر خىل خەتلەرنى باسقان. ئۇلار ئاندىن خەت بېسىلغان قەغەزلەرنى توغراق يىلىمى بىلەن سېرىق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭدە بويىغان. بويالغان قەغەزلەرنى ئوتقا قاقلاپ ئىسلاش ئارقىلىق ئالاھىدە قەدىمىي قەغەزلەرنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرغان. بەزى قەغەزلەر ئوتقا قاقلاپ ئىسلاش جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن چۆرىلىرى كۆيۈپمۇ كەتكەن. ئەڭ ئاخىردا ئۇلار تەييار بولغان قەغەزلەرنى يىپ ياكى شوينا بىلەن تىكىپ تۇپلىگەن. ئەمما تۇپلەش تېخنىكىسى جەھەتتىن ھازىرقى زامان كىتابچىلىقىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا خېلىلا چاندۇرۇپ قويغان.

ئىسلام ئاخۇننىڭ شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالالىغۇدەك بۇ ھىيلىگەر كاللىسى ياۋروپالىق يىغىپ ساقلىغۇچىلارنى ۋە قەدىمكى ئۆلگەن تىللاردىكى قولىيازمىلارنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنى بىر مەھەل تازا كولدۇرلاتتى. ھەتتا بەزى مەشھۇر ئالىملار تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى خوتەن بازىرىدا تۈزۈك خەت ساۋاتىمۇ يوق بىر كىشى تەرىپىدىن ياسالغان ساختا قولىيازمىلاردىكى «ناتونۇش خەت»لەرنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن قانچە يىللىغان ۋاقتىنى زايا قىلدى. ئەنگلىيىلىك پېتر فوبكىرك ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا كىتابلىرى ھەققىدە غەزەبلەنگەن ھالدا مۇنداق دەپ يازدى: ماكارتنېي (ئەنگلىيىنىڭ ئۇز دەۋرىدىكى قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى) بىلەن پېتروۋسكىي (چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى)غا بىرلا ۋاقىتتا قەدىمكى ھۆججەتلەرنى بېرىپ تۇرغان يەرلىك ئاساسلىق ھۆججەت ساتقۇچى ئىسلام ئاخۇن دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بولىۋاتقان سۈركىلىشلەردىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئىسلام ئاخۇننىڭ باشتا بەرگەنلىرى ھەقىقىي بۇيۇم ئىدى. ئەمما كېيىنچە ئۇ بۇ ئىككىيلەنگە <ئۆزى قاتتىق مېڭە ئىشلىتىپ ياساپ چىققان> قەدىمىي ھۆججەتلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي بېرىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خەۋپ- خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆزۈن يوللارنى بېسىپ تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە كىرىپ بۇ نەرسىلەرنى ئىزدىمەيدىغان بولدى. ئاقىۋەت ئاۋرېل ستەيىن ئىسلام ئاخۇننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. ستەيىن بۇ ئادەم تەمىنلىگەن ھۆججەتلەردىن گۇمانلىنىپ، بىر قىلتاق قۇردى- دە، بۇ ھۆججەت ساتقۇچى بېدىكنى، قەدىمكى ھۆججەتلەرنى ياساپ چىقىش جەريانىنى تولۇق ئىقرار قىلدۇردى. ئىسلام ئاخۇن ياساپ چىققان ھۆججەتلەر بىلەن پېتروۋسكىنى ئالدىغان. بۇ بەلكىم ماكارتنېيغا ئازراق تەسەللى بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئىسلام ئاخۇن ئەنگلىيىلىك نام- ئابرويى ناھايىتى يۇقىرى بىر ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى سىر رودلۇف خورنلىنى كولدۇرلاتقانىدى. چۈنكى ئۇ ئېلىپىنىڭ سوڭۇقىنى بىلمەيدىغان بۇ ساختا ھۆججەت ياسىغۇچى ياساپ چىققان «<يېزىق>نى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىكاردىن- بىكارغا بەش يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلغانىدى»[16].

شۇنداق قىلىپ، ئاۋرېل ستەيىن 1901- يىلى خوتەندىكى «گۆھەر ئىزدەش» دولقۇنى تازا ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە، ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا قولىيازمىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇ ئىش «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ پائالىيەتلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەردى. ستەيىن ئۆز قىلمىشلىرىغا ئىقرار قىلغاندىن كېيىنكى ئىسلام ئاخۇننىڭ بىچارە ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىدى: «ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆھبەت داۋامىدا مەن ئىسلام ئاخۇننىڭ يەرلىكلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتتىم. ئىسلام ئاخۇن ھىيلىگەر ھەم خىيالپەرەس ئادەم بولۇپ، ئادەتتىكى خوتەن كىشىلىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ بويتۇرقى كېلىشكەن بولۇپ، چىرايىدىن ۋە كۆزلىرىدىن زېرەك، قۇۋ ھەمدە ئاچ كۆزلىكى چىقىپ تۇراتتى. بىر قاراشتا ئۇ كەشمىرلىكلەرگە ئوخشىشىپ كېتەتتى.... مۇبادا ئۇ ماڭا ئوخشاش بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۆزى ياساپ چىققان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ياۋروپادىكى ھەرقايسى چوڭ كۇتۇپخانىلاردا ماراكەش مۇقاۋىسىدەك مۇقاۋا بىلەن كۆركەم تاشلىنىپ، ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئىدى، بەلكىم ئۆزىدىن تېخىمۇ بەكرەك پەخىرلەنگەن بولاتتى... مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: <سەن بەكمۇ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنسەن، خوتەندەك بۇنداق ئەخمەقلەر دىيارىدا ياشىماسلىقىڭ كېرەك ئىدى> دېگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە راستىنلا چىنپۈتۈپ قالغان چېغى، مەن خوتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا مېنىڭ ئۆزىنى بىرگە- ياۋروپاغا ئېلىپ

چىقىپ كېتىشىمنى ئۆتۈندى. بىراق مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم»[17].

مانا بۇ «گۆھەر ئىزدەش»، «ئامەتى كېلىپ بىراقلا بېيىپ كېتىش» ۋەسۋەسىسىدە كاللىسى قىزىپ ئەسەبىيلەشكەن بىر خىيالپەرەسنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىدى. ئىسلام ئاخۇننىڭ كۆڭۈلسىز ئاقىۋىتىدىن كېيىن خوتەن بوستانلىقىدىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ پائالىيەتلىرى خېلىلا پەسكويغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوددى ئامېرىكىلىق ۋارېنىڭ ئېيتقىنىدەك ئارىدىن 20-30 يىل ئۆتمەيلا بىر مەھەل يوقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى دولقۇنى ئۆتۈپ كەتتى. روسلار بىلەن ئىنگلىزلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەر رايونىدىكى كۈچ سىنىششى ئاخىرلاشتى. ياۋروپالىقلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنىڭ يوللىرىمۇ ئېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ بازىرى بارغانسېرى كاساتلاشتى. قايتا- قايتا ئاختۇرۇپ، كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچنېمىسى قالمىغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىمۇ مەھسۇلاتسىز ئېتىزدەك چۆلدەرەپ قالدى.

ھالبۇكى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە يېرىم كەسپلەشكەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا يەنىلا غەيرىي رەسمىي ھالەتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا قەدىمكى خارابىلەرنى ئەرۋاھلاردەك ئايلىنىپ چىقاتتى. بەزىدە يىغىش- سېتىش ئوبيېكتىنى خەلق ئىچىگە قارىتىپ، كونا گىلەم، تەۋرۈك قاچا- قۇچا، قەدىمكى قولىيازما- ھۆججەتلەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغاتتى ۋە پۇرسەت تېپىپ يۇقىرى باھادا سېتىشقا ئۇرۇناتتى. بۇنداق ئۇزاققا سوزۇلغان، بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدىغان، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى «يونۇپ يېيىش» ھادىسىسى تارىم ئويمانلىقىغا چۆكتۈرۈلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت چۆكمىلىرىنى زور دەرىجىدە خانىۋەيران قىلدى. نۇرغۇن زامانلار ئۆتۈپ تارىخنىڭ بوران- چاپقۇنلىرى ئۆز ئۆتمۈشىنى سېتىپ يېيىشكە ئۆگەنگەن بۇ بىچارە كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قايتا ئويلاشقا مەجبۇر قىلغان چاغدا، ئۇلار ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تولدۇرۇۋالغۇسىز كۆپ نەرسىلىرىنى يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىزاھلار:

1. دىئاننا سىمپتون (ئەنگلىيە): «قەدىمىي ماكان —— دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى، 97- بەت.

2. كاسېرىن ماكارتنېي (ئەنگلىيە): «قەشقەرنى ئەسلەيمەن —— دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى، پېتېر خوپكىركنىڭ كىرىش سۆزىگە قاراڭ، 1- بەت.

3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىل نەشرى، 416- بەت.

4. مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىل نەشرى، 196- بەت.

5. مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، 198- بەت.

6. 7. پېتېر خوپكىرك (ئەنگلىيە): «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990- يىل نەشرى، 89- بەتكە قاراڭ.

8. پېتېر خوپكىرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، 9- بەت.

10.9. پېتېر خوپكىرك، يۇقىرىقى كىتاب، 8-، 199- بەتلەر.

11. گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرىيىگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىل نەشرى، 146- بەت.

12، 13، 14، 15. مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، 450-، 450-، 445-، 450-، 451- بەتلەر.

16. كاسېرىن ماكارتنېي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن—— دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى»، پېتېر خوپكىركنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە يازغان كىرىش سۆزىگە قاراڭ، 8- بەت.

17. مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، 455- 456- بەتلەر.

مۇھەررىرى: يۈسۈپ ئىسھاق

# ئەقىللىق ئىككى يولۇچى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا ئىككى يولۇچى ئۆتكەنىكەن. ئۇلار يىراق كېزىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، ئۇزۇن يول يۈرۈپ پايانسىز چۆل- جەزىرىلەرنى بېسىپ، «يول ئازابى- گۆر ئازابى» دېگەندەك ھېرىپ- ئېچىپ ئاران كېتىۋاتسا، ئالدى تەرەپتىن بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئۇسساپ، ئاتلىرى ئاقساپ قالغانلىقتىن ھېلىقى ئۆيگە چۈشۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. يىرتىق- ياماق كىيىم كىيگەن بۇ ئىككى ئادەمنى كۆرگە ئىلمىدىمۇ ياكى خالىس مېھمان بىلەن خوشى يوقمۇ ۋە ياكى غەيرىي غەرەزلىك كىشىلەر، دەپ قارىدىمۇ، ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى سوغۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ساھىبخانىنىڭ ئايالى ھويلىدىن ئۆيگە كىرمەپتۇ. ئۆي ئىگىسى ماتا توقۇيدىكەن، ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىدىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ:

—— نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالدىڭلار؟ —— دەپ سوراپتۇ.

—— ئاكا، زامانى ئاۋۋالدىن يول ئۈستىدىكى قونالغۇدا قونۇپ ئۆتىدىغان ئادىتىمىز بارغۇ؟ شۇ ئادىتىمىز بويىچە كېلىپ قالدۇق، —— دەپتۇ يولۇچىلار. بۇ ئورۇنلۇق سۆزدىن خىجالەت بولغان ئۆي ئىگىسى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

—— ئانىسى، ھاي، ئانىسى، تېزرەك چىپىڭنى قايناتىپ بۇ مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈۋال! —— دەپتۇ.

ئىككى يولۇچى قورساقلىرىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، ئاتلىرىغا ئوت- چۆپ بېرىپ، سۇغىرىپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپتۇ — دە، يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

كەچقۇرۇن ئۇلار بىر پادىچىغا ئۇچراپ ئۇنىڭدىن يول سوراپتۇ. پادىچى:

—— كەچ بولۇپ كەتتى، بۈگۈن ئاۋۇ ئۆيدە قونۇڭلار، ئۇ مېھمانباي دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى، ئۆزى مېھمانغا ئامراق، ئاق كۆڭۈل، ياخشىغا ياتلىقى يوق، ئوچۇق- يورۇق ئادەم، ئاۋۇ چەتتىكى ئۆي روسۇل بېخىل دېگەن بىر پىخسىقنىڭ ئۆيى، مېھمان كەلسە تۆت پۇتى ئۆرە قالىدىغان، توز- تائام تېتىتماي يولغا سالىدىغان ئادەم، — دەپتۇ پادىچى.

—— روسۇل بېخىلنىڭ ئۆيىدە كىملەر بار؟

—— باي ۋە ئۇنىڭ ئايالى، يالغۇز ئوغلى بىلەن كېلىنى ۋە خىزمەتكارلىرى بار.

—— ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قانداق ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ —— دەپ سوراپتۇ يولۇچىلار. پادىچى:

—— باي يالغۇز ئوغلىغا تاللاپ يۈرۈپ، بىر باينىڭ ئەركە- نايناق قىزىنى ئېلىپ بەرگەنىدى. ئەركە قىز بۇ ئۆيگە كېلىپلا «ھەممىنى ئۆزۈم باشقۇرىمەن» دېگىلى تۇردى. بۇنىڭغا پىخسىق باي بىلەن خوتۇنى قانداقمۇ رازى بولسۇن! قېيىنانىسىنىڭ باشقۇرۇشى جېنىغا تەگكەن كېلىن ئىككى كۈننىڭ بىرىدە ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىۋەردى. كېلىن ئۆيدە تۇرمىغاندىكىن باي بىلەن ئايالى ئوغلىغا «<بالىنى يېشىدىن تۇت، خوتۇننى يېڭىدىن> دېگەن گەپ بار، خوتۇنىڭنى ئەركىلىتىپ بېشىڭغا چىقىرىۋالدىڭ. بۇ قېتىم كەلگەندە ئۆزۈڭنى بىر تونۇتۇپ قويمىساڭ، سەندەك بالىمىز يوق» دەپ ئوغلىنى كۆيتۈرۈپ قويدى. بۇ گەپ ئوغلىغا خېلى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ كۆرەڭلەپ بېرىپ، ئايالىنى ھەيدەپ كېلىپ ئۆلگۈدەك ئۇرۇپ يىقىتىپ قويدى. شۇندىن كېيىن كېلىن كىرىپىدەك تۈگۈلۈپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقىلى خېلى كۈنلەر بولدى. بۇنى كۆرگەن باينىڭ ئوغلى قورقۇپ خوتۇنۇمغا جىن چېپىلدى دەپ، رەمچى- باخشى، داخانلارنى ئەكىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ ھېچ مەنپەئەتى بولمىدى. كېلىن تاياق زەربىسىدىنمىكىن، نېمە يېسە قۇسۇپ، جاقىلداپ تىترەيدۇ، بەئەينى ساراڭغىلا ئوخشاپ قالدى، —— دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يولۇچىلار داخان قىياپىتىدە ياسىنىپ روسۇل بېخىلنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا باينىڭ خىزمەتكارى:

—— ئۆيدە ئاغرىق كىشى بار، قونۇشقا بولمايدۇ، – دەپتۇ.

—— بولمايدۇ دېگەن گېپىڭنى قوي! «باينىڭ كېلىنى ئاغرىق، شۇ ئۆيگە بېرىپ چۈشۈڭلار!» دەپ جىن پەرىلىرىم ئەۋەتتى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئۆيدە تۇرۇپ ئاڭلىغان باينىڭ خوتۇنى يۈگۈرۈپ چىقىپ:

—— لەۋزىنى قايتۇرماڭلار، خالىس مېھمانكەن،— دەپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپتۇ.

«داخان»لار ئۆيگە كىرىپ قورساقلىرىنى راسا تويغۇزۇپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. ئاندىن ئاغرىقنىڭ ئۆيەر- بۇيەرلىرىگە نوكچىلارنى سانچىپ «سۈپ- كۆچ» قىلىپ دۇئا ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

ئەرزە مىتۇنى ئوقۇيمەن،
جىنغا توقۇم توقۇيمەن.
جىن سەكرىسە سەكرىسۇن،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن.
سېنى ئۇرۇپ يىقىتقان،
ئەرنى مەنمۇ نوقۇيمەن.
سۆزلىرىمگە قۇلاق سال،
يۈز- كۆزىنى چوقۇيمەن.
كۆچ قوقاق، كۆچ- كۆچ،
ئەسكى تاملىقتا بار،
كونا يارلىقتا بار،
يالغۇز قارىياغاچقا بار،
دۈمبىسى ئالماچقا بار،
كونا تۈگمەنگە بار،
پاقىنى سىزگەنگە بار،
نېنىنى يېيەلمەسكە بار،
ئېشىنى ئىچەلمەسكە بار،
ئەڭلىكنى كىيەلمەسكە بار،
گېپىنى دېيەلمەسكە بار،
ئىشنى قىلالماسقا بار،
سۆزىدە تۇرالماسقا بار.
كۆچ قوقاق، كۆچ- كۆچ،
كۆچ قوقاق، سۈپ- سۈپ،
نە بالاغا يولۇقتۇڭ،
تۇرمىغىنىڭ نېمىسى.
بۇ كۈلپەتكە قالدۇرغان،
قېناناڭنىڭ ھىيلىسى.
خام- خاتىلا گۇرۇچتىن بولدىمۇ؟
يېلىك- يوپۇق يۇرۇشتىن بولدىمۇ؟
ئۆيگە ئۆتكەن تامچىدىن بولدىمۇ؟
ساغراڭغا تەگكەن قامچىدىن بولدىمۇ؟
ئوغلىغا سۆكۈت بېرىپ ئۇرغۇزغان،
باينىڭ خوتۇنى- غالچىدىن بولدىمۇ؟
تېز كەلتۈرۈڭلار قايماق- قاتلىما،
دەردىڭنى تاپتىم ئەمدى دادىلىما،
بىزمۇ يول يۈرۈپ قالغانىدۇق ئاچ،
بېرەرىڭنى بەر، باشنى قاشلىما.

دەپ بىر چىنە قايماق بىلەن ئىككى دانە توقاچنى ئاخىرۇپتۇ. قايماقنى «دېمىدە» دەپ بىر- ئىككى قوشۇق ئىچكۈزۈپ، تېخىمۇ «سۈپ- كۆچ» قىلىشقا باشلاپتۇ:

ئاق دېگەنمۇ كۆك دېگەن،
«خوجايىن قىزمەن» دېگەن،
سەن بىچارە ئەركىنى،
ئۇرۇۋېرىپ سەپلىگەن.
كۆنۈڭ شۇنداق ئۆتەمدۇ؟
ئۇرسام كۆزدىن يىتەمدۇ؟

دەپ ئۆلتۈرغانلارغا دوق قىلىپ باينىڭ ئوغلىنى راسا ساۋاشقا باشلاپتۇ. ئېرىدىن تاياق يەپ خاپىلىقتا ئاغرىپ يېتىۋالغان كېلىن بۇنى كۆرۈپ خېلى يېنىكلەپ قاپتۇ. «داخان»لار كېلىننى يوتقانغا يۆگەپ قويۇپ:

كەلتۈردى يۇمشاق نان،
قايماق ۋە قورۇت.
ھەرگىز ئېشىپ قالمىسۇن،
ھەممىسىنى يۇت.
باي ئاكا سېمىزرەك،
بىر پاقلاننى تۇت.
«يۈتلاپ كىرگەن ئاغرىق مىسقاللاپ،
چىقىدۇ» دېگەنىدى يۇرت! —— دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ.

باي مېھمانلاردىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇلارنى باشقىدىن كۈتۈشكە باشلاپتۇ ۋە يولۇچىلاردىن:

—— «مىڭنىڭ رەڭگىنى تونۇغىچە، بىرنىڭ ئىسمىنى بىل» دېگەن گەپ بار، ئىسمىڭلار نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

—— مېنىڭ ئىسمىم ھەمرا، بۇنىڭ ئىسمى سەپەر، — دەپتۇ «داخان».

شۇنىڭ بىلەن رۇسۇل بېخىل مېھمانلارنى نۇرغۇن سوۋغا- سالام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

توپلىغۇچى: رەيھانگۇل ئىمىن (پىچان ناھىيە لەمجىن بازار، بازار مەھەللە 8- كەنت)

مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

# بەزىلەر..

بەزىلەر ئۆزىنىڭ كۈندىن كۈنگە سەمرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ھەر كۈنى قانداق ئورۇقلىسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ئەمما بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئورۇقلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئەتىدىن- كەچكىچە نېمىلا يېسە ئەت قونمايدىغانلىقىدىن قايغۇرىدۇ.

بەزىلەر پۇلىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنى قانداق خەجلەشنى بىلەلمەي قالىدۇ، ئەمما بەزىلەر پۇل تېپىشنىڭ كويىدا يۈرسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ يولىنى قىلالمايدۇ. بەزىلەر نورغۇن پۇل تېپىشتا كۈچ چىقىرىپ، تەر ئاققۇزۇپ يۈرمەيدۇ، بەزىلەر قاتتىق كۈچەپ نورغۇن تەر ئاققۇزسىمۇ جىق پۇل تاپالمايدۇ.

بەزىلەر پۇل چىقىرىپ داڭلىق تاماكا ۋە ھاراقلارنى سېتىۋالسىمۇ، ئۆزى چەكمەيدۇ، ئىچمەيدۇ. بەزىلەر داڭلىق تاماكا چېكىپ، داڭلىق ھاراق ئىچسىمۇ، ئۆزى پۇل چىقىرىپ سېتىۋالمايدۇ. بەزىلەر مېھرىگىياھ، ۋېئاگرا ئىچسىمۇ، يەنىلا غەمكىن يۈرىدۇ، بەزىلەر زاغرا يەپ ئۇماچ ئىچسىمۇ، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ.

بەزىلەر بۇرۇن ياۋا كۆكتات يەيدىغانلار نامراتلار، ھازىر ياۋا كۆكتات يەيدىغانلار بايلار دەيدۇ، بەزىلەر بۇرۇن ئۆڭكى قارىلار ئەمگەكچىلەر، ھازىر ئۆڭكى قارىلار ئەقلىي ئەمگەكچىلەر دەيدۇ. بەزىلەر بۇرۇن چېچى ئۇزۇنلار ئاياللار ئىدى، چېچى قىسقىلار ئەرلەر ئىدى، دېسە، ھازىر چېچى ئۇزۇنلار ئەرلەر، چېچى قىسقىلار ئاياللار، دەيدۇ.

بەزىلەر بۇرۇن قېيناپىلار قېيناپا، كېلىنلەر كېلىن ئىدى، ھازىر قېيناپىلار كېلىن، كېلىنلەر قېيناپا بولۇپ قالدى، دەيدۇ. بەزىلەر بۇرۇن ئوغلى ئوغۇل، ئاتىسى ئاتا ئىدى، ھازىر ئوغلى ئاتا، ئاتىسى ئوغۇل بولۇپ قالدى، دەيدۇ.

بەزىلەر گېرمانىيىنىڭ «BMW»، ياپونىيىنىڭ «CROWIN» ماركىلىق ماشىنىلىرىدا ئولتۇرسىمۇ، يەنىلا ـاشنام ناچار، دەيدۇ، بەزىلەر ئېشەككە مىنىپ ساغرىسى غرىپ كەتسىمۇ خۇشال بولۇپ يەنىلا ئېشىكىم ياخشى، دەيدۇ.

بەزىلەر 30 ياشقا كىرىپ قېلىپمۇ لايىق تاپالمايدۇ، زىلەر 50 ياشتىن ئېشىپمۇ يېڭىش- يېڭىشلاپ ئۆيلىنىدۇ.

بەزىلەر سىرتتا ئايرىمخانىغا غىپپىدىلا كىرىپ كېتىپ ئىشقىۋازلىقنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ، بەزىلەر يالغۇز ئۆيدىن تالاغا چىقماي يېتىم بالىدەك غېرىبسىنىپ ئولتۇرىدۇ.

بەزىلەر 60 ياشتىن ئېشىپ كېتىپمۇ 40 ياشتا پېنسىيىگە چىقىشقا، ئىش ئورنىدىن قېلىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ، بەزىلەر 70 ياشقا كىرىپ قېلىپمۇ، ئۆزىنى تازا ۋايىغا يەتكەنمەن، داۋاملىق ئىشلەپ ياشلىق باھارىمنى ساقلىشىم كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ.

بەزىلەر ياشىنىپ قېلىپ پېنسىيىگە چىقسىمۇ يەنىلا خۇشاللىق بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدۇ، بەزىلەر ياپ- ياش تۇرۇقلۇق ئوقۇشنى خالىمايدۇ.

بەزىلەر خىزمەتنى ياخشى ئىشلىمەيمۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالمايدۇ، بەزىلەر ياخشى ئىشلىسىمۇ خىزمىتىدىن قوغلىنىپ قالىدۇ. بەزىلەر ئىش ۋاقتىدا پوتىنى ئالماپ چاي ئىچىپ، گېزىت كۆرۈپ پاراڭ سوقىدۇ، بەزىلەر ئىش ۋاقتىدا مۈكچىيىپ يەر سۈپۈرۈپ، ئۈستەل سۈرتۈپ تەرلەپ كېتىدۇ.

بەزىلەر بىر قېتىملىق ئىستاكان، بىر قېتىملىق چىنە- چوكا، بىر قېتىملىق كىيىم- كېچەك، يەنە بىر قېتىملىق مۇھەببەتنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىلەر قوش بېقىش، مۈشۈك بېقىش، ئىت بېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما ئاتا- ئانىسىغا قاراشنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

بەزىلەر ئۆي، يەر، دىپلوم، نىكاھنى سېتىۋالالايدۇ، ئەمما بىلىم بىلەن مۇھەببەتنى سېتىۋالالمايدۇ؛ بەزىلەر ئالتۇن، پوچتا ماركىسى، داڭلىق رەسىملەرنى يىغىپ ساقلىيالايدۇ، ئەمما خۇشاللىق بىلەن سالامەتلىكنى يىغىپ ساقلىيالمايدۇ.

بەزىلەر ھايات ۋاقتىدا بىرىنى چاقىرسا يۈزى لەببەي، دەپ پەيدا بولىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن سېسىق نامى پۇر كېتىدۇ؛ بەزىلەر ھايات ۋاقتىدا نام- ئاتاق چىقارماي مۇھتاجلىقتا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما ئۆلگەندىن كېيىن غايەت زور يولتۇز ئېقىپ چۈشكەندەك مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدۇ.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# رىۋايەتلەر

## توغراق ھەققىدە ئىككى رىۋايەت

(1)

ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسىدىن كېيىن تېرەك، ئۈجمە، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى كەنتكە، پەقەت توغراقنىڭ ئۇرۇقىنى چۆل- جەزىرىگە چېچىپتۇ. بۇنىڭدىن نارازى بولغان توغراق نوھ ئەلەيھىسسالامغا:

—— جىمى دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى كەنتكە چېچىپ، يالغۇز مېنىڭ ئۇرۇقىمنى نېمىشقا چۆلگە چاچتىڭلا، - دەپتۇ. نوھ ئەلەيھىسسالام:

—— سېنى چۆلگە چاچقان بولساممۇ، جاھاندىكى جىمى دەرەخلەردىن ئۇزۇن ئۆمۈر بەردىم، سۇسىز چۆلدە تۇرساڭمۇ سوپۇگىنى مول قىلدىم،- دەپتۇ. شۇڭا توغراق ھەممە دەرەخلەردىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن، كۆكلەپ مىڭ يىل، قۇرۇپ مىڭ يىل، يىقىلىپ مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشىمۇ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(2)

بۇرۇنقى زاماندا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان كەڭلىكى ئون مىڭ غۇلاچ كېلىدىغان بىر ئەزىم دەريا بارىكەن. دەريا بويىدا قاتار- قاتار كەتكەن دەرەخلەر بولۇپ، دەرياغا ھۆسن قوشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ھۆل- يېغىن كۆپىيىپ، دەريا سۈيىدە تاشقىن پەيدا بوپتۇ. دەريا بويىدىكى دەرەخلەر تاشقىندا يىلتىزى بىلەن ئېقىپ، قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ غايىب بوپتۇ. دەرەخلەر ئارىسىدىكى يوغان بىر دەرەخ كەلكۈندە دەرياغا توغرىسىغا يىقىلىپ، لەيلەپ ئېقىپتۇ- دە، كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەن قۇم- سېغىزنىڭ كۆمۈۋېتىشىدىن ئامان قېلىپ، كەلكۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قۇملۇقتا يەنە كۆكلەپ ياشىرىپتۇ. كېيىن يىلتىز تارتىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جىمى يېرىگە تارقاپتۇ. كىشىلەر شۇ چاغدىكى زور كەلكۈندە دەرياغا توغرىسىغا يىقىلىپ ئامان قالغان بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنى «توغرى ئاققان دەرەخ» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ «توغرى ئاق» قا، بارا- بارا قىسقارتىلىپ «توغراق»قا ئۆزگەرگەنىكەن.

## «قىزىلسۇ» ھەققىدە رىۋايەت

بۇرۇنقى زامانلاردا خوتەن، كېرىيە، نىيە تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام ئەقىدىسىدىن يېنىۋېلىپ بۇددىستلارغا ئايلىنىپتۇ ۋە ئۇلار ئەتراپىدىكى ئىسلام دىنىدىكىلەرنى بۇددا دىنىغا كىرگۈزۈش يولىدا ئۇرۇش باشلاپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئويىيالاق تەۋەسى كېرىيىگە قارايدىكەن. كېرىيىدە ئىسلامدىن چىققىلى ئۇنىمىغان موللا ھەزرەت دېگەن كىشى ئويىيالاق تەۋەسىگە قېچىپ كېلىپ ئۇز ئەتراپىغا مۇرت توپلاپتۇ. كېرىيىدىن چىققان بۇددىستلار ئويىيالاقنىڭ ئارىيا دېگەن جايىدا موللا ھەزرەتنىڭ ئادەملىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىپتۇ. جەڭدە ئىسلام دىنىدىكىلەر مەغلۇب بولۇپ، بۇددىستلار غەلىبە قىپتۇ. موللا ھەزرەتنىڭ بىر تۇلپارى بار ئىكەن. ئۇ تۇلپارنى مىنىپ، تاغ ئارىسىدىكى قىزىلسۇ دېگەن جايغا قېچىپ بارغاندا، بۇددىستلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ كاللىسىنى ئاپتۇ. قىزىلسۇ سۈيى ئەسلىدە ئاز ھەم سۈزۈك ئىكەن. موللا ھەزرەتنىڭ كاللىسى جىلغا ئىچىدىكى بۇلاق بېشىدا كېسىلگەچكە، ئۇنىڭ قېنى سۇ بىلەن قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. جىلغىنىڭ تاغۇ تاشلىرى قىزىل رەڭگە كىرىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ قىزىلسۇدىن ئادەم قېنى رەڭگىدە بىر تارماق ئېقىن ئېقىپ چىقىدىغان بوپتۇ. بۇ جاي «قىزىلسۇ دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

## «خوراز ماشا» ھەققىدە رىۋايەت

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئارىيا تېرىمدا ماشا پالۋان دېگەن بىر چارۋىچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىزان تەرەپتىن بىر توپ پالۋانلار بۇ جايغا كەپتۇ ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى خالىغانچە ئوۋلاشقا باشلاپتۇ. ياۋايى ھايۋانلار بۇ ئېغىر قىسمەتلەرگە چىدىماي يېقىن دوستى ماشا پالۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

ماشا نىزانلىق پالۋانلار ئارىسىغا بېرىپ ئۇلارغا بۇ جايدىن دەرھال كېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ. نىزانلىقلار ماشا پالۋاننىڭ نەسىھەتلىرىگە پەرۋا قىلماپتۇ. ماشا پالۋان:

—— سىلەر ھەقىقىي پالۋان بولساڭلار، بۇ ئەتراپتىكى ھايۋان، ئۇچار- قاناتلارغا چېقىلماڭلار، چۈنكى ھازىر چىشى ھايۋانلارنىڭ تۆللەش مەزگىلى، - دەپتۇ. نىزانلىقلار بۇ گەپنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ.

—— ئۇنداق بولسا، ئىركەك ھايۋانلار بىر تەرەپكە ئۆتسۇن، - دەپتۇ. ياۋايى ئۆچار- قانانلار ئىچىدىن ئۇلارنىڭ خورازلىرى بىر تەرەپكە ئۆتۈپتۇ. نىزانلىقلار ئۇلارنىڭ خورازلىرىنى ئاتماقچى بولۇپ قورالللىرىنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىشقا توساتتىن يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى كارغا كەلمەپتۇ. يامغۇر كۈچىيىپ تۆت كېچە- كۈندۈز يېغىپ، جىلغا- ئېقىنلارغا كەلكۈن كېلىپ نىزانلىقلارنى ئادەم ۋە ئات- ئۇلاغلىرى بىلەنلا ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ نامى «خوراز ماشا» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

### ئادەم بىلەن چاشقان ھەققىدە رىۋايەت

بىر ئادەم جاڭگالدا كېتىۋاتسا، دۆڭنىڭ كەينىدە ماراپ ياتقان يوغان بىر يولۋاس سەكرەپ چىقىپ، ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. ئادەم كەينىگە يېنىپ قېچىپتۇ. يولۋاس قوغلاپ ئۇنى تۇتاي دېگەنىكەن، توساتتىن بىر تۆشۈكتىن مۆشۈمدەك بىر چاشقان چىقىپ، يولۋاسنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپتۇ. يولۋاسنىڭ كۆزىگە توپا كىرىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەپتۇ. شۇ پۇرسەتتە ئادەم قېچىپ كېتىپتۇ. يولۋاس ئادەمنى تۇتالماي، چاشقاننى قوغلاپتۇ. چاشقان يەنە بىر تۆشۈككە كىرىپلا غايىب بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئامان قاپتۇ.

بىر كۈنى ئادەم يەنە يولدا كېتىۋاتسا، چاشقان ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ ۋە:

—— مەن سىنى يولۋاسنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزدۇم، سەن ئەمدى ماڭا نېمە بېرىسەن؟ —— دەپتۇ.

—— شۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن سەن مەن بىلەن بىللە ياشا، نېمىنى خالىساڭ شۇنى ئال، - دەپتۇ ئادەم.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەملەر نەدە ياشىسا، چاشقانمۇ شۇ يەردە پەيدا بولىدىكەن، ئادەملەرنىڭ ئامبار- قازانلىقلىرىغا ئىختىيارىي كىرىپ- چىقىپ، ئۇلارنىڭ تاپقان- تەرگىنىنى خالىغانچە يەۋېرىدىغان بولغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: **روزى قارىم، سېلىمخان، ئىقلىمخان، سادىق ئىدرىس، توختى روزى قارىي، ئىدرىس ئاخۇن، نىزام.**

توپلىغۇچى: **تۇرسۇن بەكرى** (چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن)

مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

---

△ پارىژدىكى ئامېرىكا ھەربىيلىرى قەبرىستانلىقىدا قېچىرغا ئاتاپ قاتۇرۇلغان بىر قەبرە بولۇپ قەبرە تېشىغا مۇنداق سۆزلەر چېكىلگەن ئىكەن: «بۇ يەرگە مەشھۇر مىيجى دېگەن قېچىر كۆمۈلگەن. ئۇ ھاياتىدا ئىككى نەپەر گېنېرالنى، سەككىز نەپەر مايورنى، 31 نەپەر لېيتېنانتنى، 544 نەپەر ئەسكەرنى تەپكەن ئىدى. ئۇ گېرمانلارنىڭ مىناسىنى پەقەت بىر قېتىم تەپكەن.»

△ ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنىي شەھىرىدىكى بىر سوتچى سوتتا ئاڭلىغۇچىلارنى تەرتىپكە چاقىرغان ھەمدە كىمدە كىم يەنە سوتنىڭ تەرتىپىنى بۇزسا 30 كۈن قاماشقا بۇيرۇلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان. دەل شۇ پەيتتە توققۇز ئايلىق جىفىي ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا قاتتىق يىغلاپ توختىمىغان. شۇنىڭ بىلەن سوتچى «سوتنى كۆزگە ئىلماسلىق جىنايىتى» بىلەن توققۇز ئايلىق بوۋاقنى 30 كۈن قاماشقا بۇيرۇغان. سوت ساقچىلىرى توققۇز ئايلىق جىفىينىڭ بۇدرۇق قوللىرىغا كويزا سېلىپ تۈرمىگە يوللاپ بەرگەن. جىفىينىڭ ئانىسى ئادۋوكات تەكلىپ قىلغان. سوتنىڭ بۇ قىلىقى كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن.

△ ناپالېئون بىلەن گېتلېر 44 ياشتا ھوقۇق تۇتقانىكەن. ئىككىسى ئوخشاشلا 52 ياشقا كىرگەندە روسىيىگە ھۇجۇم قىلغانىكەن. ھەر ئىككىلىسى 56 ياشقا كىرگەندە ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىكەن. بۇلارنىڭ پەرقى ناپالېئون گېتلېردىن 129 يىل ئىلگىرى دۇنياغا كەلگەنىكەن.

△ ياپونلار چاقچاق ئاڭلىسا چۈشەنسە، چۈشەنمىسە كۈلىدىكەن. فرانسۇزلار چاقچاق ئاڭلىسا يېرىمىغا كەلمەيلا قاقاقلاپ كۈلىدىكەن. گېرمانلار چاقچاقنى ئاڭلاپ بولۇپ چاقچاقنى بىر كېچە سەرپ قىلىپ ئۇنى پەلسەپىۋىيلەشتۈرگەندىن كېيىن تاڭ سەھەردە خىرىلداپ كۈلىدىكەن. ئېنگلىزلار چاقچاقنى تولۇق ئاڭلاپ بولۇپ ئاندىن كۈلىدىكەن. ئامېرىكىلىقلار چاقچاق باشلانسىلا كۈلۈشنى باشلايدىكەن. چۈنكى ئۇلار بۇ چاقچاقلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىكەن.

**مۇختار مۇھەممەد** (ت)

مۇھەررىرى: **ئەسقەر مەخسۇت**

# ئەر بىلەن ئەل كۆكىرەر، ئەر قەدرىنى ئەل بىلەر

(پېشقەدەم شائىر، ئاتاقلىق ژۇرنالىست ئابلىمىت سادىق ھەققىدە)

ياسىن زىلال

ئىنساننىڭ قەدرى- قىممىتى قانداقتۇ روزىمىساقتا پۈتۈلگىنى يا لەۋھى مەھپۇزدا يېزىلمىش قىسمەت تەخسىمىگە خاس ساخاۋەتلىك ئالەمدىن ئۇنىڭغا بەخشەندە بولغىنى ياكى غايىپ تەلەيىنىڭ ناگاھان قىلغان سەدىقىسى ۋە ياكى نوقۇل مېھنەت، ئىقتىداردىن يارالغان كاتتا سەمەرىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىنسانىي خىسلىتى ۋە گۈزەل پەزىلىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئىنساننىڭ ئەڭ يارقىن شەرەپ- شۆھرىتى ۋە ھاياتبەخش ئىپتىخارى ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئادىمىي خىسلەت تۇيغۇسى بەرقىدە ئاپىرىدە بولغان بولىدۇ. مېھنەت ۋە تالانت ئادىمىي خىسلەتتىن ھەقىقىي رەھنامالىق تاپقاندىلا، يەركامالىق مۇشەررىپىگە يەتكەن ئىجتىمائىي ئىپتىخار ۋە قەدرى- قىممەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ئىپتىخار خۇددى تۇمانلىق لەھزىدە تاغ كەينىدىن ئۇن- تىنسىز كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ پۈتكۈل كائىناتنى ۋاللىدە يورۇتۇپ، كۆڭۈل ۋە كەڭلىكلەرنى ئىسسىق نەپسى بىلەن دەمبەدەم ئۆپۈپ راھەتلەندۈرگەن ئالتۇن نۇرلىرىغا ئوخشايدۇ. تاڭ پەيتى شىۋىسىز تۆكۈلگەن شەبنەم ئۇزى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەھسىنلىرى سۈزۈك قەترىلەر بىلەن يۇيۇنۇپ رەڭلەنگەن گۈللەرنىڭ رۇخسارىدا جىلۋىنىلىدۇ، ئىشق باغرىدا ئاتەشلەنگەن مۇشتاق بۇلبۇلنىڭ سۆيگۈ نالەشلىرىدە جاراڭلايدۇ، ئانا زېمىننىڭ مېھرىلىك باغرىدا ئەللەيلىنىدۇ.

تۆت ئاناسۇر- تادۇدىن تۈزۈلگەن ئالەم ۋە مەۋجۇداتتا تەقدىرداش ئىنسان ئالىي مەخلۇق بولۇش بىلەن بىللە جىسمانىيەت جەھەتتە تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. مەۋجۇدىيەت ئالىمنىڭ ئۈستىخىنىدا بار بولغان جىمىكى شەيئىي ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت. ئۇ تەنە شۇلارنىڭ بىرى. مەيلى تەبىئەت ئالىمىدىكى ئوت، مەيلى ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئوت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەم زۆرۈرىيىتى شەكسىز ھەم بالايىئاپىتى چەكسىز نەرسىدۇر. ئوت ھەرىكەت پەيدا قىلىدىغان شەيئىدۇر. ئىنساننىڭ ھەرىكىتى تەبىئەت تۈپرىقىدا تۆرەلگەن ئادەم روھىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ. ئادەمدىكى تەربىيىلەنگەن روھ ئىنسانىي پەزىلەتنى تەۋەللۇد قىلىدۇ ۋە پەرۋىشلەپ ئۆستۈرىدۇ ھەم ئادەم ئۇنىڭغا پەرمانبەردارلىق قىلىدۇ. نىھايەت ئىنساننىڭ پەزىلىتى ئىنساننىڭ ئىلغار ھەرىكىتىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پاسسىپ ھەرىكىتىنى ھەر ۋاقىت ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە چەكلەپ تۇرىدۇ. ئوت ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى سۈركىلىشلەردىن ھاسىل بولىدىغان ئوت، يەنە بىرى، ئىنساننىڭ قولىدا يېقىلغان ئوت. مۇددىئاغا مۇناسىپ ئىنسان قولىدا تۇتاشقان ئوتلار نەتىجە جەھەتتە ئوخشاش بولمايدۇ. خىروسىما ئارىلىدا نەچچە مىليون ئىنساننى ھالاك قىلغان دەۋزەختىن دەھشەتلىك ئوت بىلەن ھاياتلىق ۋە ۋىسال بوستانلىقىنى ئىزلەپ يۈرگەن ئاشىقلارنىڭ باياۋاندا تۈن ئارا ياندۇرغان گۈلخانلىرىنى بىر نەرسە دېگىلى بولمىغاندەك، ئوت قۇيرۇقلارنىڭ شۇم قوللىرىدىن پاكلىق ئەھلىنىڭ ھالال بەختى- روزىغارىغا تاشلانغان سەرەڭگە يالقۇنى بىلەن مېھرىبان ئانىلارنىڭ ئوچاق ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ياندۇرغان ئوتىنى قانداقمۇ ئوخشاش نەرسە دېگىلى بولسۇن؟ ئۆزىنى ئۆرتەش بەدىلىگە كۇلۇمسىرىگەن پېتى يالقۇنجاپ يانغان شام چىراغنىڭ قەدرىنى يورۇغان نىگاھلاردىن ۋە شۇ نىگاھلارنىڭ ئىللىق نەزەرلىرىدە نۇرلانغان چېھرىلەرنىڭ تەبەسسۇم تاشقان زىناقلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. نۇرنىڭ ھاياتبەخشكارلىقى، شەبنەم قەترىلىرىنىڭ گۈل- گىياھلارنى لەۋلىرى بىلەن يۇيۇشى، گۈلخانلارنىڭ راھەتلىك ھارارىتى، شام چىراغنىڭ ئۆرتىنىپ نىگاھلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىپ، سىياھ تۈنلەرنى نۇرلاندۇرۇشى، ئىنسانغا نىسبەتەن پەزىلەت جۇملىسىدىندۇر، ياكى ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ رېئاللىقتىكى ئوچۇق تەققاسلىنىشىدۇر.

شائىرنىڭ يۈرىكىدىن شولا ئۇرغان ئوت تىترىگەن تەنلەرگە ئىللىق ھارارەت، ئەمالارغا يورۇقلۇق، ئىزدەنگۈچىلەرگە مەشئەل، مەلئۇنلارغا دەۋزەخ بېغىشلايدۇ. شائىرنىڭ يالقۇنلۇق

تۇرىدۇ تاغلار ھامان ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ،
تۆت پەسىل ياشناپ تۇرار قوينىدا قارىغاي كۆكىرىپ.
نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن ئۇ شۇ پېتى،
تا ئەزەلدىن ئاستىدا تۇرغاچقا تۇپراق كۆتۈرۈپ.

ۋەلېكىن تاغمۇ زېمىنىنىڭ قايتۇرار ئۇز ھەققىنى،
شۇ سەۋەبتۇر باغرىدىن سانسىز ئېقىنىنىڭ ئاققىنى.
قىش بويى تۇپلايدۇ ئاق قارنى ھامان ئۈستىگە ئۇ
ياز بويى يەر كۆكسىگە چەشمە چېچىپ، گۈل تاقىلى!

مانا بۇ 1952- يىلى «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن شائىر ئابلىمىت سادىقنىڭ ئارىدىن بىر قەرنە ئۆتۈپ 1984- يىلى يازغان «ئەل ۋە مەن» دېگەن مۇرەببەسىنىڭ ئىككى كۇپلېتىدۇر. «ۋەتەن» ناملىق شېئىرنى يازغاندا ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن سەبىي بالا «ئەل ۋە مەن» ناملىق شېئىرنى يازغان كۈنلەردە قىرانلىق پەسلىگە يەتكەن، بېشىدىن تالاي ئىسسىق- سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن، ھەممىگە بەرداشلىق بەردەم ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن ئىككى شېئىر ئارىلىقىدىكى ئوتتۇز نەچچە يىل جەريانىدا ئىجتىمائىيەتتە ئاجايىپ داۋالغۇشلار، رەڭمۇ رەڭ قىسمەتلەر، ھەتتا ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەر قاتارلىشىپ ئۆتتى. قوندۇز چاچلارغا قار- قىرو قوندى، بولبۇللار بوستاندىن ئايرىلدى، قەلەملەر سۇندۇرۇلۇپ، قوللار قايرىلدى. پاك كۆڭۈللەرگە تۆھمەتلەر تاش بوران بولۇپ تەگدى، چىنار تەنلەرنى رەنجى- غەم ئەگدى، جىق نەرسە ئۆزگەردى. ئەمما قەلبى ئوغۇز سۈتىدەك پاك بوۋاقنىڭ تۇنجى تىلى «ئانا» دەپ چىققىنىدەك، شېئىرىيەت كوچىسىغا تۇنجى قەدىمىدىلا «ۋەتەن» دەپ سەبىي لەۋزىدىن كۈي تۆۋلاپ كىرگەن شائىرنىڭ قەلبى، مەۋقەسى، ئىنسانىي پەزىلىتى، سەنئەتكە بولغان كۆچلۈك مۇھەببىتى، ۋەتەن- ئەلگە باغلانغان ساداقىتى ئۆزگەرمىدى. ئۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراق كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلارنىڭ ئۆز باغرىدا تۆت پەسىل ياپيېشىل ياشناپ تۇرىدىغان قارىغايلارنى بەھرىلەپ، نەچچە مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئەزەلدىن- ئەبەد ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان سەلتەنەتلىك گۈزەل كارتىنىسىنى ئۈستۈن شېئىرىي ماھارەت بىلەن چىۋەر رەسسامدەك سىزىپ چىقىپ، ئانا تۇپراققا بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، ۋەتەن مېھرىدە ئۆسۈپ ئىشقىنى، ئەقىدە- ئېتىقادىنى ئانا تۇپراققا باغلىغان ئ_ مەت- ئەركەكلەرنى ئانا زېمىنىنىڭ ئەجىر ھەققى ئۈچۈن باغرىدىن سانسىز ئېقىنلارنى ئېقىتقان، ياز بويى باغۇ بوستانلار كۆكسىگە گۈل تاقاش ئۈچۈن، قىش بويى قار- مۇزلارنى باغرىغا تۇپلىغان بۈيۈك تاغلار يۈكسەكلىكىدە تەسۋىرلەپ، ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى. ئوبدان قارايدىغان بولساق، ئاشۇ گۈزەل شېئىرىي كارتىنىنىڭ مۇناسىپ يېرىدە شائىرنىڭ ئوبرازى كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ھاياتتا نۇرغۇن ئادەملەر شېئىر يازىدۇ. بەزىلەر ھەتتا ناھايىتى كۆپ يازىدۇ. ئەمما شېئىر يازغانلا ئادەمنىڭ ھەممىسىلا تەڭ شائىر بولالمايدۇ. بۇ يەردىكى تۈپ ھەل قىلغۇچ ئامىل ساداقەت ۋە ماھارەت مەسىلىسىدۇر. شېئىرىيەتتە ماھارەتكە تايىنىپلا شۆھرەت، ئىناۋەت، ساداقەتكە تايىنىپلا نۇسرەت- كامالەت تاپقىلى بولمايدۇ. ئىككىسى ياپسا كەلگەندە بەركامال بولىدۇ. ماھارەت ساداقەتنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى، ساداقەت ماھارەتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تۈرتكىسى. ساداقەت مۇھەببەتتىن، ماھارەت تەكرار مېھنەتتىن تۇغۇلىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرىيەتكە، سەنئەتكە بولغان ساداقىتى ئەل- ۋەتەنگە، ھايات- ئالەمگە، ئادەمگە، ھۆر- ئادالەتكە، ھەقىقەتكە بولغان پاك ۋە ئەزىم مۇھەببىتى قۇچىقىدا تۇغۇلىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. ئابلىمىت سادىق ساداقەت يولىدا ماھارەت نامايىش قىلغان شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ مۆھتەرەم مۆتىۋەرلىرىمىز، تەۋەررۈك ئۇستازلىرىمىز، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان ئەدىب- شائىرلىرىمىز، ئەلنى ئالەمگە تونۇتقان سەنئەت پېشىۋالىرىمىز، ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان خالىس ھەم جاپاكەش مۇھەررىرلىرىمىز بىلەن ئوخشاش ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىنى ئاشۇ مۇھەببەت، ئاشۇ ساداقەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى

زامان شېئىرىيىتى، ئەدەبىيات- سەنئىتى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ياراتقان مول خەلق ئەدەبىيات- سەنئىتى ۋە گۈزەل فولكلور مەدەنىيىتى ئۈچۈن تۆھپە قىلدى. شائىر ئابلىمىت سادىقنىڭ هايات مۇساپىسىگە نەزەر تاشلىساق، يۇقىرىقى سۆزىمىز ئۆز ئۆزىدىن ئەستىقلىنىدۇ.

شائىر ئابلىمىت سادىق 1941- يىلى 15- ئىيۇن كۈنى غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1948-يىلىدىن 1955- يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1955- يىلىدىن 1958- يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، 1980- يىلىدىن 1981- يىلىغىچە بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەش سىنىپىدا، 1983- يىلىدىن 1985- يىلىغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1959- يىلىدىن 1989- يىلىغىچە «تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1990- يىلىدىن 1998- يىلىغىچە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. 1989- يىلىدىن هازىرغا قەدەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، 1997- يىلىدىن تارتىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلەشمە پارتگورۇپپىسى سېكرىتارىيىتىنىڭ سېكرىتارى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. شائىر، ئالىي مۇھەررىر، تونۇلغان ژۇرنالىست، هۆرمەتكە سازاۋەر ئەدەبىيات- سەنئەت تەشكىلاتچىسى يولداش ئابلىمىت سادىق هازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو «ماناس» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو «جاڭغىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «ئون ئىككى مۇقام» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

شائىر ئابلىمىت سادىقنىڭ 1952- يىلى «ئىلى گېزىتى»دە «ۋەتەن» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن هازىرغىچە 80دىن ئۇشۇق شېئىرى هەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «تۇرنىلار ئۆتكەندە» ناملىق شېئىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇندىن باشقا ئابلىمىت سادىق شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرىدىن ئون نەچچە كىتابنى نەشرگە تەييارلىدى. ئۆزبېك، قازاق يازغۇچى- شائىرلىرىنىڭ شېئىر، هېكايە، دراما، رومانلىرىنى، قىرغىزچە «ماناس» داستانىنىڭ ئۈچ بابىنى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇردى.

خەلق ئەدەبىياتى مىللەتنىڭ لەۋزى، خەلق قەلبىنىڭ بەدىئىي جۇلاسى، خەلق روھىنىڭ يارقىن ئىپادىسى، خەلق ئەقىل- پاراسىتىنىڭ يېگانە قامۇسى، خەلقنىڭ ئۈمىد- ئارزۇ، شادۇ پەرىشانلىقىنىڭ، كۈلكە ۋە نالەشلىرىنىڭ شوخ ناۋاسى ۋە ئاتەش نىداسىدۇر. پەقەت خەلق بىلەن بىرجان، بىرتەن، بىر نەپەس، بىر هەۋەس بولغان قەلب ئىگىسىلا بۇ نۇقتىنى هەقىقىي ماهىيىتى بىلەن تولۇق چۈشىنەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئىپتىخار، سۆيۈنۈش هېس قىلالايدۇ. ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇهەببەت باغلايدۇ. ئابلىمىت سادىق خەلق- مىللەتنىڭ لەۋزىنى ئىماندەك مۇقەددەس بىلگەن، ئۇنىڭغا تېۋىنغان ۋە ئۇنى قوغدىغان سادىق ئەل ئوغلانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، شۇ ئەقىدە يولىدا گۈل- چېچەكلەرگە پۈركەنگەن ئىزلارنى قالدۇردى. ئابلىمىت سادىق ئىسلاھاتنىڭ باهار ئىلهامىدا تۇنجى بولۇپ، يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بىر قىسمىنى توپلاپ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى كىتابىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇپ جامائەت هوزۇرىغا تەقدىم قىلدى. ئۇندىن باشقا ئۇ دۆلەتنىڭ 7-، 8-، 9- بەش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن، مەملىكەتلىك سەنئەت، ئىلىم- پەن لايىهىلەش گۇرۇپپىسى نۇقتىلىق ئىلىم- پەن تۈرى قىلىپ بېكىتكەن جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى شىنجاڭ تومى ئۇيغۇرچە قىسىملىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، پۈتكۈل ئاپتونوم رايون مىقياسىدا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى پۇختا تەشكىللەپ، ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ياراتقان مول ۋە رەڭگارەڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش، توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردا كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش، دەرس ئۆتۈش ۋە ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. جۈملىدىن ئۆلكە توپلىمىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» تومىنىڭ ئەسەرلىرىنى تاللاش، تەھرىرلەش، بېكىتىش خىزمەتلىرىنى نەتىجىلىك تاماملاپ «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»غا تاپشۇردى.

ئۇيغۇر مۇھەررىرلەر جامائىتى ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتلىك بۇ كىچىك پېئىل هۆرمەتلىك ئۇستاز ئۆزىنىڭ ئەدەبىي هاياتىنى ئەسلەپ كەمتەرلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئەدەبىي هاياتىمدا ماختانغۇدەك ئارتۇق نەرسە يوق.

گەرچە مەن يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرۈمنى ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىرىيەتنىڭ مۇشتاقلىقىدا ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، كۆپ ئىش قىلالمىدىم. مەن بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا شېئىرىيەتكە كۈچلۈك ھەۋەس باغلىغان. گەرچە شېئىرىيەتكە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن تارتىپلا كىرىشكەن بولساممۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىم كۆپ بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرى، ئاساسىي دىققەت نەزەرىمنى مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە قاراتتىم. يەنە بىرى، «<تۆت كىشىلىك گورۇھ>نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن كۆپ يىللار ئىجاد قىلىش ۋە ئەسەرلىرىمنى ئېلان قىلىش ھوقۇقىمدىن مەھرۇم بولدۇم. يەنە بىرى، سىياسىي ھاياتىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن <مەدەنىيەت ئىنقىلابى> جەريانىدا توختاپ قېلىپ، قايتا ئەسلىگە كەلگەن <تارىم> ژۇرنىلىنى ئىزىغا سېلىش، ئاپتورلار قوشۇنىنى تەشكىللەش ۋە كۈچەيتىش ئىشلىرى بىلەن بىر قانچە يىل ئالدىراش ئۆتتۈم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر خىل ۋەزىپىلەر ئۈستۈمگە يۈكلىنىپ، يەنىلا ئىجادىيەتكە كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمىدىم. لېكىن كۆڭلۈم تەسكىن تاپىدىغان ئىش شۇكى، ئۇزۇن يىللىق مۇھەررىرلىك ھاياتىمدا <تارىم> ۋە <مىراس> ژۇرناللىرىنىڭ سۈپەتلىك چىقىشى، شۇنداقلا ياش مۇھەررىرلەرنى تەربىيىلەش، تالانتلىق ياش شائىر، يازغۇچىلارنى بايقاش، تەربىيىلەش جەھەتتە يورۇق ئىزىمنى ئاققۇزدۇم». پېشقەدەم شائىر، داڭلىق ژۇرنالىست، ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ ئەدەبىيات- سەنئەت تەشكىلاتچىسىنىڭ كەمتەرلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى، پاك ئىنسانىي خىسلىتىنى نامايان قىلىدۇ ۋە ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئەمما تۆھپە ئۇنتۇلمايدۇ، خەق ئۇنتۇسىمۇ خەلق ئۇنتۇمايدۇ. ئادەم ئۇنتۇسىمۇ ئالەم ئۇنتۇمايدۇ. ئابلىمىت سادىقنىڭ «دوستلار بەزمىسىگە مۇخەممەس» ناملىق شېئىرىنىڭ 1979- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شۇ يىلى «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق ئىككى كىتابىنىڭ شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى، 1988- يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر مۇھەررىر، 1991- يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە خەلق ئەدەبىياتى نوپىلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەنگەنلىكى ۋە مۇكاپاتلانغانلىقى بۇنىڭ ئەمەلىي پاكىتىدۇر.

دەرۋەقە، ئابلىمىت سادىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ناھايىتى نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ كېتەلمىدى ياكى ئېلان قىلدۇرۇپ بولالمىدى. چۈنكى ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي شۆھرىتى ئۈچۈنلا ئىشلەشتىن كۆرە كۆپىنىڭ شۆھرىتى ئۈچۈن خالىس تۆھپە قوشۇشنى ئەلا بىلدى. شۇ بىر ھەقىقەتكى، شائىرلىق سان بىلەن ئەمەس، سۈپەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆمۈر بويى شېئىر يازغان ۋە قېلىن- قېلىن دەپتەر، كىتابلارنى قولتۇقلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھەقىقىي مەنىسىدىن شائىر ھېسابلانمايدۇ. بەزى ئادەملەر ناھايىتى ئاز يازغان بولسىمۇ، بىر قانچە پارچە، ھەتتا بىر قانچە كۇپلېت شېئىرى بىلەنمۇ شائىردۇر. ئۆمەر ھەييام سەل كەم تۆت يۈز كۇپلېتتەك رۇبائىيسى بىلەن دۇنياۋى شائىر بولسا، ئەخمەتشاھ قارىقاش «ئات قىسسىسى» ناملىق بىرلا مۇخەممىسى بىلەن نامى مەڭگۈ ئۆلمەس شائىردۇر. ئابلىمىت سادىق كۆپ يازمىسىمۇ جامائەت ئېتىراپ قىلغان، ئۇزۇن يىل يازمىسىمۇ خەلق ئۇنتۇپ كەتمىگەن شائىردۇر. ھەقىقىي شائىر خەلقنىڭ يۈرەك تەۋرىنىشنى تەكشىيالىغانلىقى، خەلقنىڭ تىلىكىنى ئوتلۇق خىتاب قىلالىغانلىقى، خەلق بىلەن تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلەلىگەنلىكى ئۈچۈن خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

ژۇرنالىست ئابلىمىت سادىقنىڭ قىرىق نەچچە يىللىق ھاياتى مۇھەررىرلىك بىلەن ئۆتتى، ئۇ بىر ئۆمۈر «تارىم» ۋە «مىراس» ژۇرناللىرىدا ئۈن- تىنسىز تەر تۆكتى. ئۇ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ 192 سان ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 31 سانىغا باش مۇھەررىر بولدى. «قەشقەر خەلق چۆچەكلىرى»، «تورپان خەلق چۆچەكلىرى»، «كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى»، «كۇچا خەلق چۆچەكلىرى»، «باي خەلق چۆچەكلىرى»، «قومۇل خەلق قوشاقلىرى»، «غۇلجا خەلق قوشاقلىرى»، «غۇلجا خەلق چۆچەكلىرى» قاتارلىق قىرىق نەچچە كىتابنى تەھرىرلەپ بېكىتىپ چىقتى. ئۇ تەھرىرلىكنى ئىشلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرمۇنچىسى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا قولىدىن يېتىلىپ ئەدەبىيات سېپىگە قوشقان ھەۋەسكارلارنىڭ بەزىلىرى بۈگۈنكى كۈندە توم- توم كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى بولۇپ جەمئىيەتتە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ قالدى. مۇھەررىر ئۆزىنىڭ زېھنى ۋە تالانتىنى، بىلىم ۋە ئەقلى قۇۋۋىتىنى، كۆز نۇرىنى شەخسىيەتسىز ھالدا ھاياتنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىغا ئوزۇق ھازىرلىغۇچى مۇئەللىپلەرگە ئاياماي تەقدىم قىلغۇچى خالىس مۇئەللىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەم ئاپتورلارنى تەربىيىلەيدۇ ھەم خەلققە ھەقىقىي مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەسەرلىرى ئاۋامنىڭ ئالقىشلىرىغا ئېرىشكەن مۇئەللىپ مۇۋەپپەقىيەت شادلىقىدا ئەل- بۇرادەرلىرى بىلەن قەدەھ كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلغاندا، ئاشۇ جاپاكەش مۇھەررىرنى

يا يادىغا ئالىدۇ، يا ئالمايدۇ. ئەمما مۇھەررىر ئاۋامغا قوشۇلۇپ مۇئەللىپكە ئالقىش ياغدۇرىدۇ.

ئۇستاز ئابلىمىت سادىق مۇھەررىرلىك كەسپى بىلەن ۋىجدان تارازىسى تۇتقاندەك ئەستايىدىل ۋە چىن سەممىيەت ئىچىدە قىرىق نەچچە يىل شۇغۇللاندى. ئۇ مەيلى «تارىم»، مەيلى ««مىراس» ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن چاغلاردا بولمىسۇن، ئۇنىڭ مۇبارەك قەلىمى مىليونلىغان قۇرلارغا گۈل چەكتى، يۈزلىگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىغا مىڭلىغان گۈزەل مىسرالارنى ئاتىماي بېغىشلىدى. مىڭلىغان بەتلەرگە پاساھەت دۇردانىلىرى بىلەن جىلۋە- جۇلا بەردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ گۈزەل نەزمىلىرىدىن تاكى مەن كەبى شېئىرىيەت شەيدالىرىنىڭ غېرىب مىسرالىرىغىچە بولغان يۈزلىگەن ئەدىب- شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاشۇ ھۈنەرۋەن ساھىبقەلەمنىڭ شەرەپ ئىزلىرى بار. ئۇ «تارىم» ۋە «مىراس» ژۇرناللىرىدا باش مۇھەررىر بولۇپ تۇرغان چاغلاردا بۇ ژۇرناللارغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز زېھنى ۋە ئەجرىنى سىڭدۈردى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىردىن- بىر خاسىيەتلىك داستىخانى بولغان «مىراس» ژۇرنىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مالىيە مەنبەسى بولمىغان بۇ ژۇرنالنىڭ ئىقتىسادىنى ھەل قىلىش، ژۇرنالنى سۈپەتلىك چىقىرىش، ياش مۇھەررىرلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتە كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇنىڭ «مىراس» ژۇرنىلىنى بۈگۈنكىدەك شۆھرەتلىك ژۇرنال قىلىپ چىقىش يولىدا كۆرسەتكەن قىممەتلىك ئەمگەكلىرى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ئالتۇن سەھىپىلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ مۇھەررىرلىكتىكى تەلەپچان كەسپىي ئىستىلى، زېرىكمەس روھى ماڭا ئوخشاش ياش مۇھەررىرلەرگە تىلتۇمار بولۇپ قالدى.

ماركس: «ئەنگلىيە ماتېرىيالىزمى ۋە ھازىرقى زامان تەجرىبە پەنلىرىنىڭ ھەقىقىي بوۋىسى» دەپ تەرىپلىگەن، ئەنگلىيىنىڭ ماتېرىيالىزمچى پەيلاسوپى فرانسىس بېكون (1561- 1626) «ھەقىقەت بىر دانە سۈزۈك مەرۋايىتتۇر. گەرچە ئۇ پارقىراپ تۇرسىمۇ لېكىن رەڭگارەڭ ئەينەك پارچىلىرىغا يېتەلمەسە كېرەك». «ئەگەر ئادەمنىڭ قەلبى ئىنسانغا بولغان مۇھەببەتكە تولغان بولسا، ھەرىكەتتە يۈكسەك ئەخلاقىي مىزانغا ئەمەل قىلسا، مەڭگۈ ھەقىقەتنى دەۋر قىلىپ ئايلانسا، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزى پانىي دۇنيادا تۇرۇپ، باقىي ئالەمدىكى جەننەتتە ياشىغان بولىدۇ». «باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان پەزىلەتنى مەن ئاق كۆڭۈللۈك دەپ قارايمەن. تەبىئىتىدە بۇنداق تەبىئىي خاھىش بار كىشى مېھرىبان كىشىدۇر. بۇ ئىنساننىڭ بارلىق مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار پەزىلەتتۇر.» دېگەن ئىكەن. ئابلىمىت سادىق ئەنە شۇنداق ھەقىقەت، پەزىلەت مىزانلىرىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىپ ھالال ئىشلەپ، پاك ياشىغان ، بىر دۆۋە ئەينەك پارچىلىرىدەك پارقىراشتىن بىر تال ھەقىقىي مەرۋايىت بولۇشنى ئەلا بىلگەن، ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراستىنى، زېھنى- تالانتىنى باشقىلارغا ئاتىماي تەسەددۇق قىلغان، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆز خۇشاللىقى قىلالىغان، دەۋر، مىللەت يۈكلىگەن بارلىق ۋەزىپىلەرنى يۈكسەك تارىخىي، ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا تۇرۇپ بەجاندىل ئادا قىلغان، خالىس، تەمەسىز، مىننەتسىز ئىنساندۇر.

ئالىي تەبىئەتلىك كىشىلەر تاغدەك تۆھپىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپمۇ ماختانمايدۇ، ھەمدۇ سانالاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى قازانغان شەرەپلىرى ئەتراپىدا ھەسەتلەرنىڭ قىملداپ كېتىشىگە پەرۋاسىز ھالدا، ئۆزى تىكلىگەن سەمەرىلەرنىڭ بۈيۈكلىكىنى روھىي كەڭلىكىنىڭ بىپايانلىقىدا تۇرۇپ كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلار ھەسەتتىن خالىي، بىرىيا ئادەملەر بولۇپ، توختاۋسىز بېغىشلىنىدۇ، چاڭقاقلارغا بۇلاق قازىدۇ. ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئىنسان پۇشتى مېۋىلەرنى تاش- توقماقلاردا قېقىپ، شېخى بىلەن سۇندۇرۇپ ئېلىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولغاچقا، مېۋىلىك دەرەخلەر كۆپىنچە تەسەددۇقىغا لايىق تارتۇقلانماي، بەلكى زەخمەت چېكىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا باغۋەننىڭ كايىشلىرىنى مەسخىرە بىلەن جاۋابلاندۇرغانلار قىش بويى مېۋە چۈشەپ قۇرۇق تامشىيدۇ. ئۇلار يىل ئۆرۈلۈپ ئالتۇن كۈز كەلگەندە يەنە شۇ بەد قىلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بارا- بارا باغسىز، مېۋىسىز قالىدۇ. بەس، ئەمدى يېتەر!

كېلىڭلار قەدىردانلىرىم، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئاسرايلى، كۆچەت تىكەيلى، روھىي ئالىمىمىزدە جەننەت باغلىرىنى ئەھيا قىلايلى، قەلبىمىز مۇھەببەت بىلەن تولسۇن، ساداقەت بىلەن يورۇسۇن!

ھەممىمىز پېشقەدەم شائىر، ئاتاقلىق ژۇرنالىست، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتچىسى، ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدىكى مۆھتەرەم ئۇستاز ئابلىمىت سادىقنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىغا خۇشاللىق، ئائىلىسىگە بەخت- سائادەت، ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت، ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە بەرىكەت، ئۆزىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيلى!

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# فولكلورشۇناس ئالىم ئۆتكۈر باغۋەن

(پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخمان توغرىسىدا)


نۇرنىسا باقى


«يول بىراۋنىڭ قەدەم ئىزى.» ئۇ ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ. چەشمە- تارامىلاردىن دەريا، ئېقىن- دەريالاردىن دېڭىزلار ھاسىل بولىدۇ. مۇئەييەن ئىلىم- پەننىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ. 19- ئەسىردىن ئىلگىرى فولكلور ئىلمى تېخى بىر خىل پەن سۈپىتىدە مەلۇم ئەمەس ئىدى، ئەمما فولكلور ئىلمى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ئىجتىمائىي مەدەنىيەتشۇناسلىق دائىرىسىدىكى باشقا پەنلەردە تەتقىق قىلىنىپ كېلىنگەنىدى. پروفېسسور، فولكلورشۇناس، دوكتور يېتەكچىسى، ئۇستاز ئابدۇكېرىم راخمان مۇنداق دەيدۇ: «1946- يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ باش كاتىپى ئارخېئولوگ ۋىليام تومىس <فولكلور>نى بىر پەننىڭ نامى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن <فولكلور> دۇنيادا رەسمىي بىر پەن بولۇپ شەكىللەندى. ئېلىمىزدىمۇ فولكلورغا ئائىت ماتېرىياللار تارىختىن بېرى خاتىرىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئەمما پەقەت 1922- يىلى 17- دېكابىر بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەسىس قىلىنغان <قوشاقلار> ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ <بېغىشلىما> سىدا تۇنجى قېتىم <فولكلور> سۆزى بىر پەننىڭ نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن، جوزوڭرېن قاتارلىق پروفېسسورلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئېلىمىزدە فولكلور ئۆز ئالدىغا سىستېمىلىق بىر پەن بولۇپ تىكلەندى.» شىنجاڭ ئۇزاق مۇددەت بېكىنمە ھالەتتە تۇرغاچقا، بەزى يېڭى پەنلەرنىڭ ئۇچۇرى تولىمۇ كېچىكىپ يېتىپ كەلدى. دەرۋەقە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىغا ئائىت ماتېرىياللار قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ كۆپلىگەن كىتابلاردا خاتىرىلىنىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور ماتېرىياللىرىنى پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى 1950- يىللىرىدىن كېيىن باشلاندى. بۇ ھەقتە ئۇستاز ئابدۇكېرىم راخمان مۇنداق دەيدۇ: «1960- يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن خۇدابەردى ئەپەندى تۇنجى بولۇپ <خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تاللانمىلىرى>نى ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن بۇ دەرسنى ئۆتتى ۋە ستۇدېنتلارغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش پراكتىكىسىنى تەشكىللىدى. بۇ ئۇقتىدا مەرھۇم ئۇستازىمىزنى شىنجاڭدا خەلق ئېغىز *ئەدەبىياتىغا ئاساس* سالغۇچى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي باشلانغان ئاتالمىش <مەدەنىيەت ئىنقىلابى> نىڭ قارا بورىنى ئەمدى بىخلىنىۋاتقان بۇ ياش نوتىنى قايرىۋەتتى. تاكى 1970- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىدىكى بەزى ئەسەرلەر مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەن ھەققىدىكى بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغانىدى. قىسقىسى بۇ ساھە يەنىلا بىر بوشلۇق ئىدى». مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئۇستاز ئابدۇكېرىم راخمان ئۇستازى مۇھەممەد زۇنۇن بىلەن بىرلىكتە

1978- يىلى ئىيۇندا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت يېزا- قىشلاقلىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئارقا- ئارقىدىن «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (1981- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى» (1981- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانمىلار» (1983- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە)، «نۇزۇگۇم» (1983- يىلى سىچۇەن مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە) قاتارلىق توپلاملارنى ئېلان قىلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ فولكلور تارىخىدىكى تۇنجى يىرىك ئىلمىي ئەسەر بولغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» (مۇھەممەد زۇنۇن بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان) ناملىق ئەسىرى 1981- يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ شىنجاڭنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا يېڭى يول ئېچىپ بەردى. شىنجاڭنىڭ فولكلور ساھەسىدە «بوزلۇقتا يول ئاچقۇچى» دەپ تەرىپلەنگەن تىرىشچان باغۋەن —— ئابدۇكېرىم راخماننىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور ساھەسىدىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى،ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە:

شىنجاڭنىڭ فولكلور ساھەسىدىكى ياراملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلگەن ئابدۇكېرىم راخمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى مەركەز قىلىپ 1980- يىلىدىن باشلاپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسىنى تەسىس قىلدى ھەمدە ئۆزى بىۋاستە بۇ دەرسنى ئۆتۈپ ستۇدېنتلاردا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. 1987- يىلىدىن باشلاپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى فولكلورغا كېڭەيتىپ، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم فولكلور ئىلمىنى تەسىس قىلدى ھەمدە مۇشۇ ئىككى كەسىپ بويىچە ئاسپىرانت تەربىيىلەش نۇقتىسى قۇرۇپ، ئارقا- ئارقىدىن ماگىسترلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلىپ، فولكلور ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە 12 نەپەر ئاسپىرانت تەربىيىلەپ بۇ ساھەدە يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساس ئىگىلىرى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بەردى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق فولكلور تەتقىقاتچىلىرىنى تەربىيىلەش نىشانىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، 1996- يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە تۇنجى دوكتور تەربىيىلەش ئورنى»نى قۇرۇپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن چىققان بىردىنبىر دوكتور يېتەكچىسى شەرىپىگە ئېرىشىپ، 1988- يىلىدىن باشلا فولكلور مەدەنىيەتشۇناسلىق كەسپى بويىچە بەش نەپەر دوكتور ئاسپىرانت قوبۇل قىلدى. ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بۇ ئاسپىرانتلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى غوللۇق تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئەنە شۇ يارامىق ئاسپىرانتلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق.

ئىككىنچى، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتە:

فولكلور ئەمەلىيەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئۇنىۋېرسال پەن بولۇپ، چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئۇستاز ئابدۇكېرىم راخمان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر يىلى ئىزچىل ھالدا ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ فولكلور بويىچە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ھەتتا يونىنەن، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ بىر قانچە قېتىم نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نەزەرىيە ۋە ئىلمىي جەھەتتىن مول بىلىمگە ئىگە بولدى. بىر قانچە قېتىم تۈركىيە، ۋېنگرىيە، روسىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېچىلغان فولكلور ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، خەلقئارا فولكلور تەتقىقاتىنىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلىدى ۋە دۇنيادىكى

ئاتاقلىق فولكلورشۇناسلار بىلەن ئىلمىي ھەمكارلىق ئورناتتى. مۇشۇنداق پۇختا تەييارلىقلار ئاساسىدا ئۇ ئۆزىنىڭ فولكلور تەتقىقاتىنى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» (1981- يىل)، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» (1983- يىل)، «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات» (1987- يىل)، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» (1989- يىل)، «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» (1990- يىل)، «يىپەك يولى مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت كۆزنىكى» (1999- يىل)، «مۇقام بېشۇالىرى» (1994- يىلى)، «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى» (1995- يىل)، قاتارلىق ئون نەچچە يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى ھەمدە «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى»، «نەۋرۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى»، «سەپەر ھاسىلاتلىرى»، «فولكلورنىڭ ئۇقۇمى ۋە دائىرىسى توغرىسىدا»، «نەۋائىي ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، «ئەپسانە- رىۋايەتلەر توغرىسىدا»، «<قۇتادغۇبىلىك> دىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلارنىڭ ئېتنوگىيىلىك مەنبەئى» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ناملىق يىرىك ئەسىرى 1991- يىلى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىسترلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتابنىڭ تۈركچە نەشرىگە تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىسترلىكىنىڭ باش مىنىستىرى ئې. قەھرىمان كىرىش سۆز يېزىپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئالىمنىڭ 10 نەچچە ماقالىسى تۈركىيە، ۋېنگرىيە، ياپونىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ نوپۇزلۇق ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەققىدە مەخسۇس تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. يېقىندا گۇاڭشىدا چىقىدىغان فولكلور ساھەسىدىكى مەملىكەت دەرىجىلىك نوقتىلىق ژۇرنال «گۇاڭشى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى» ناملىق ژۇرنالدا ئېلىمىزنىڭ داڭلىق فولكلورشۇناسلىرى قاتارىدا نوقتىلىق تونۇشتۇرۇلدى.

فولكلورشۇناس ئالىم ئابدۇكېرىم راخماننىڭ يېشى يېڭى ئەسىردە 60قا قەدەم قويۇشاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا تولۇپ- تاشقان قىزغىنلىق ۋە يېڭى ئەسىر جاسارىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتماقتا. ئۇ 1998- يىلىدىن باشلاپ ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»نى قۇرۇپ چىقتى. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ يازلىق ۋە قىشلىق كانىكۇل ۋاقتىنى يېزا- قىشلاقلاردا فولكلورغا ئائىت ماددىي بۇيۇملارنى توپلاشقا سەرپ قىلدى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق نوقتىلىق كەسىپنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە گۇمانىتار پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى يولىدا نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە. نوقتىلىق تەتقىقات تېمىسى —— «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى»نى يېزىشقا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرى بىلەن 1989- يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تۆھپىكارلارغا بېرىلىدىغان ياردىمىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولۇشتەك شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

بىز بۇ فولكلورشۇناس ئالىم، مۆھتەرەم ئۇستاز، تۆھپىكار باغۋەننىڭ تېنىگە سالامەتلىك، خىزمەتلىرىگە تېخىمۇ ئۇتۇق تىلەيمىز.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# ئاي قويايمۇ ئىسمىڭنى



ئاسماندىكى كەپتەرنىڭ
قاناتلىرى ئالىكەن.
شەرەت قىلسام بىلمىدى،
يارىم تېخى بالىكەن.

ھوقۇلدايدۇ دەمدىرىم،
بۇقۇلدايدۇ كەپتىرىم.
بېيىت يېزىپ يارىمغا
توشۇپ كەتتى دەپتىرىم.

پوتلا بولدى تېرەكلەر،
باھار كېلىپ،ياز كېلىپ.
دەرد ئۈستىگە دەردقوشتۇڭ،
كۆيدۈرگىنىڭ ئاز كېلىپ.

ئەگىم ئايدەك قېشىڭ بار،
ئاق سەدەپتەك چىشىڭ بار.
بېرىپ قويۇپ ۋەدىنى
كەلمەيدىغان ئىشىڭ بار.

قۇرت يەپتۇ بېغىڭدا،
پىشماي تۇرۇپ ئالمىنى.
يار دېگىلى بولمايدۇ،
نەپسى يامان لالمىنى.

يارغىنەمگە چاي تۆتتۇق،
ئالتۇن رەڭ پىيالىدە.
بىلەلمىدىم نېمە بار،
شۇ يارىڭ خىيالىدا.

ئاي قويايمۇ ئېتىڭنى،
كۈن قويايمۇ ئېتىڭنى.

قوناقلىقنىڭ قىرىدىن
تېپىۋالدىم خېتىڭنى.

تىزىق تېرىپ بېرىپسەن،
ماڭا ئاچچىق مېغىزدا.
سېنى سۆيسەم يورەكتىن،
سەن سۆيۈپسەن ئېغىزدا.

ئاخشاملىرى ئېيتسەن،
مەن ئۆگەتكەن ناخشىنى.
ماڭا رايىڭ بولمىسا،
تېپىۋالغىن ياخشىنى.

دۇتارىڭنى چالساڭچۇ،
ئاخشىمى شوخ پەدىگە.
سېنى تاشلاپ كەتمەيمەن،
ۋاپا قىلساڭ ۋەدىگە.

بۇلتۇر سالغان ئۆيۈمنى
بۇ يىل يازدا نەم باستى.
سەن يارىمنى بىر كۆرۈپ،
ساق بېشىمنى غەم باستى.

قارىقاش دەرياسىغا
كېمە سالسام ئاقارمۇ؟
يۈرەكتىكى سۆزۈمنى
يارغا قىلسام ياقارمۇ؟

سۇنتەك ئايدىڭ كېچىدە
يارىم بىلەن سىرداشتىم.
گىرە سېلىپ بوينىغا
يۆگىمەچتەك چىرماشتىم.

باھارنىڭ شامالدا
ئاق دوپپام ئۇچۇپ كەتتى.
يارىمنى سۆيەي دېسەم،
ناز قىلىپ قېچىپ كەتتى.

قوغۇن تېرىدىم خىللاپ،
چۆنەكلىرىنى قىغلاپ.
قىزچاقلاردىن يار تۇتسام،
جوۋانلار قالار يىغلاپ.

ئۆگزەڭگە چىقىپ باقسام،
تەگدىن تولىسى مورا.
يۈرىكىمگە سەن يارنىڭ
بىر جۈپ ئالمىسى دورا.

ئاخشام باردىم غەم بىلەن،
يارىم ئۆردى دەم بىلەن.
بىلسەم دۈشمەن ئايرىپتۇ،
ئىككىمىزنى پەم بىلەن.

دۆڭلۈكتىكى ئېتىمىزدا
ئاخشام ئورۇغان ئۈنچە بار.
دوقمۇشتىكى ھويلىدا
يۈرەك كۆيگەن غۇنچە بار.

ئىشىكىڭ ئالدىدىن ئۆتسەم،
ئۆيگە كىرگىن دەرسەنمۇ؟
ناۋات بەرسەم قولۇڭغا
ھەشقاللا دەپ يەرسەنمۇ؟

توپلىغۇچى: **ئوبۇلھاشىم قاسىم** (يېڭىسار ناھىيىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ)

# ئايدىڭدا غەزەل ئېيتتىم

قوناقلىقتىن ئوت ئالدىم،
بوغدايلىققا كىرمەي دەپ.

كېچە- كۈندۈز ئويلىدىم،
داغدا قېلىپ يۈرمەي دەپ.

قوناقلىقتا قومۇش كۆپ،
بۇغدايلىقتا يۆگىمەچ.

دەردىم تولا يىغلايمەن،
يار كۆڭلىنى بەرمىگەچ.

ئالما ئاپىراي يارىم،
بىيە ئاپىراي يارىم،
دەردىڭگە داۋا بولسا،
يۈرەكنى باراي يارىم.

ئالما شېخىدەك يارىم،
بىيە شېخىدەك يارىم،
گەپ قىلسام قېتىۋالماڭ،
ئۆچكە يېغىدەك يارىم.

قىلغىنىمنى بىلمىدىڭ،
مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ،
دەپ باقە ھەي تاش يۈرەك،
مەن تىكەن، سەن گۈلمىدىڭ.

دان تاشلىدىم سەھەردە
كەپتەر بىلەن ئۆردەككە،
كۆيۈپ قالدىم نېمىشقا
ئىش ئۇقمىغان گۆدەككە.

ئالمىغا تاياق ئاتسام،
جىگدىگە تېگىپ كەتتى،
سەن يارىمنى كۆرۈپلا،
يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى.

باغلىقىمنىڭ ئۈچىغا
توگىۋالدىم توگۈنچەك،
مېنىڭ يارىم ئاق پىشماق،
سۆزى تاتلىق كۆلگۈنچەك.

ئاق جوجىمنىڭ بېشىدا
ئاق كېپىنەر پالاقلايدۇ،
يېڭى يارنى تاپقاندا،
كونا يار ۋالاقلايدۇ.

توپلىغۇچى: **ئابدۇرېشىت خوجا** (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدىن

# يارمەندىن يامانلاپتۇ

مەنمۇ سېنىڭ بىلەن،
سەن بولمىدىڭ مېنىڭ بىلەن.
بولمىساڭ بولما يارىم،
يېنىڭدىكى مېنىڭ بىلەن.

خويمۇ دەردىم تولادۇر،
ئىچىمگە پاتماي تۇرىدۇ.
شۇڭىمنە يارىم مېنىڭ
ھالىمغا يەتمەي تۇرىدۇ.

سۇدا سوقسۇر بولغىچە،
چۆللەردە ئۆردەك بولسىچۇ.
دوست- دۈشمەن بەتتامىغا
يارىم ۋاپادار بولسىچۇ.

سوقماڭ مېنى بەلدەڭ بىلەن،
چىش كولىغان خەلدەڭ بىلەن.
ئاشىقلىقنى خوشخوي قىلۇر،
بەدخوي يۈرۈر بەدنام بىلەن.

مەن ئۆزۈم يالغۇز بالا،
بېشىمغا كەلدى مىڭ بالا.
ئوتتا قاقلاپ، سۇغا قويساڭ،
ئېرىمەس كۆڭلۈم ساڭا.

بوغدايلارنى ئورۇۋالسام،
باشىقىنى تېرىۋالسام،
ئۇ يالمىسام خەقلەردىن،
يار قېشىغا بېرىۋالسام.

ئوينىغۇچىنى يەرگە سالسام،
كىچە چۈشتى خەمكى.
بىزنىڭ يار بىراقتا كەتتى،
خېلى باردۇر كەلمىكى.

نام داۋاندا ئولتۇرۇپ،
چاتقال داۋاننى كۆرمىدىم.
ئات مىنىپ كەلگەن يېرىمنى
ئېشەك مىنگەنچە كۆرمىدىم.

تارتسا غىجەك، ئۇرسا داپنى،
ياقمامدۇ سازى.
پۇشمان ئالۇر قاچىسى يوق،
گەپ قىلغان ئاغزى.

شايى چاپىنىم بولسا،
شامال چىقسا كەيسەممەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
ھەر ھەپتىدە كۆرسەممەن.

ئويىنغۇچ ئويدان نېمە،
تېرىمىسمۇ ئۇنىدۇ.
يار دېگەن ئويدان نېمە،
چىللىمىسىمۇ كېلىدۇ.

ئۆستەڭ سۈيى ئۇلۇغ سۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ.
قەلەم قاشلىق جوگانلار،
ھەرگىز بىزدىن ئاشمايدۇ.

ئىزدىدىم دائىم سېنى،
كۆزلەردە چەندان نازلىقى.
بىر سېغىنمىدىڭ مېنى،
شېرىن زىۋانىم نازلىقى.

ئېتىم بولسا، ئېتىم بولسا،
توقۇسام مىنسەم.
كۆڭلۈمدىكى يارىم بولسا،
ئوينىسام كۈلسەم.

ئاللا يارىم جىنازاڭغا
قۇرغۇي قونۇپتۇ.
قورغۇي ئەمەس ئاي يۈزۈڭگە،
تۇيراق قونۇپتۇ.

تۆۋگە چىقسام تاماشا،
قىلغىدەك مېنىڭ يارىم،
خام تەمەدە داڭگال ئاتسام،
ئاچچىقى كەلگەن يارىم.

خويمۇ قاشتۇر، خويمۇ كۆزدۇر،
خويمۇ يالغانچى ئېغىز.
نە مۇشەققەتلەر بىلەن،
سۆيدۈم سېنى جاندىن ئېزىز.

ياردىن يامانلاپتۇ يارەنلەر،
ئېلىۋالايلى كۆڭلىنى.
زەر بېرىپ، زەپەر بېرىپ،
سېتىۋالايلى كۆڭلىنى.

ئاشۇ بىر ئاپئاق جوگان،
مىيىقىدا كۈلىدۇ.
تونۇمايمەن ئۇ جوگاننى،
مېنى ئوبدان بىلىدۇ.

يارىم كېلىدۇ قاراپ،
سۇمبۇل ساچىنى تاراپ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
يامان كۆزىدە قاراپ.

خوي تولا كۆيدۈردۇ،
ئالدىمدىكى قارچىغا كۆز.
گېپىنى بەرمەي تۇرۇپ،
قىلدى مېنى ئالەمگە سۆز.

رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلدى،
ئەتىيازدىن كۈزگىچە.
ھەر كىشى يارنى تاپسا،
شۇنقەدەر شۇ كېچە.

گۈلەمشۇا گۈلنى كۆرۈڭ،
گۈللەر بىلەن بەس قىلىدۇ.
قولىدا بەش پۇلى يوق،
چىرايلىقتا جەس قىلىدۇ.

مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

# گۇننار ياررىڭ ۋە «ئۇيغۇر كىيىم- كېچەكلىرى» ھەققىدە

تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت



ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇرشۇناسلىق روسىيە، ۋېنگرىيە، شۋېتسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، دانىيە، فىنلاندىيە، ياپونىيە، تۈركىيە ۋە باشقا ئەللەر ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت بولدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان شەرقشۇناس، جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تىل- يېزىقى، ئەدەبىياتى، فولكلورى، ئېتنوگرافىيىسى، ھەققىدە توختىماي ئىزدىنىپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، خەلقئارالىق ئۇيغۇرشۇناسلىق پىنى ئۈچۈن ئۇل تاش قويدى ۋە ئۇنى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ بىر قانچە ئەۋلاد ئۇيغۇرشۇناسلارنى يېتىشتۈردى. ئۇيغۇرشۇناسلىق گەرچە روسىيىدە ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شۋېتسىيە ئۇيغۇرشۇناسلىقىدىمۇ ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر قازىنىلدى. شۇڭا ئۇيغۇرشۇناسلىق ھەققىدە گەپ بولغاندا شۋېتسىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە بۇ ساھەدە ئىزچىل ئىزدەنگەن تەتقىقاتچىلار، ئالىملارغا نەزەر ئاغدۇرۇشمىز تامامەن ئورۇنلۇق ۋە ئاقىلانىلىق بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شۋېتسىيە ئالىملىرىدىن ف.ي ستىرالېنبېرگ (F.J.Strdlenberg)، گۇستاف راگۇيت (GustafTajuette)،سۋېن ھېدىن(Sven Hedin) قاتارلىقلار ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت دەسلەپكى ماتېرىياللارنى توپلاش، ئۇنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. سۋېن ھېدىن شىنجاڭغا قىلغان ساياھىتى جەريانىدا لوپنۇرلۇقلار بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى خەلقنىڭ ھاياتى، ئۇلارنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنداقلا بۇ جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى، گېئوگرافىيىلىك يەر شارائىتى ۋە باشقا مەسىلىلەر ھەققىدىكى قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغانىدى. سۋېن ھېدىنىنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرى ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەر- جاي ناملىرىغا ئائىت ماتېرىياللار ئالاھىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

شۋېتسىيە ئۇيغۇرشۇناسلىقىدا سۋېن ھېدىندىن قالسىلا ئاتاقلىق ئالىم گۇستاف راگۇيتنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئالىمنىڭ مۇبارەك قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئۈچ تومدىن تەركىب تاپقان «ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»، «ئىنگلىزچە- ئۇيغۇرچە لۇغەت»، «تاھىر بىلەن زۆھرە» ناملىق يىرىك ئەسەرلىرى ۋە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى شۋېتسىيە ئۇيغۇرشۇناسلىقى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. ئالىمنىڭ مۇبارەك ئىزىدىن مېڭىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى داڭلىق تۈركولوگ، ئۇيغۇرشۇناسلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر ئالىم، دىپلومات گۇننار ياررىڭنىڭ نامى بىز ئۈچۈن بەكلا تونۇشلۇق ھەم سۆيۈملۈك.

گۇننار ئالفرد ياررىڭ (Gunnar AlferdJarring) 1907- يىلى 12- ئۆكتەبىردە شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى سكانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلكىسىنىڭ بىرونبى شەھىرىنىڭ ژۈكون يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ھاياتى شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئورۇنلاشقان شەھەر لوندتا ئۆتكەن. ئۇ 1926- يىلى كۈزدە لوند ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ يەردە گېرمان تىلى، شىمالىي ياۋروپا تىلى، سانسكرىت تىلى ۋە باشقا تىللارنى ئۆگەنگەن. 1928- يىلى لوند ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ۋە سكاندىناۋىيە تىللىرى بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئوقۇش مەزگىلىدە لوند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركىي تىللار ئوقۇتقۇچىسى، شۋېتسىيىدىكى تۇنجى ئەۋلاد تۈركىي تىللار ئالىمى گۇستاف راگۇيتتىن تەلىم ئالغان. گۇستاف راگۇيت ئىلگىرى شۋېتسىيىنىڭ دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ دوختۇرى بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر ۋە يەكەندە ئۆمرىنىڭ ئالتۇندەك مەزگىلىنى ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتىغا قاتتىق ھەۋەس قىلغان. ئۇ ئۇستازى گۇستاف راگۇيتنىڭ قىزغىنتۇرۇشى ۋە دادىسىنىڭ قوللىشى بىلەن يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلەپ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشنى فەتئىي داۋاملاشتۇرغان. 1928- يىلى بېرلىنغا كېلىپ ئاتاقلىق تۈركولوگ ئالىم ۋ . باڭ (W.Bang)دىن، كېيىنكى ۋاقىتتا ئاتاقلىق تۈركولوگ ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئاننې مارىيا گابائىن (AnneMarie Gabain)، كارىل مېگىس (KarlMenqes)، رەشىد رەھمەتى ئارات، سائادەت چاغاتاي قاتارلىقلار بىلەن بىرگە تۈركولوگىيە بويىچە تەلىم ئالغان. 1929- يىلى سېنتەبىردىن 1930- يىلى مارتقىچە قەشقەر، ئاتۇش، يېڭىسارلاردا ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولغان. كېيىن شۋېتسىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاسپىرانتلار دەرسىنى تاماملاپ، قەشقەردە توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا 1933- يىلى «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى»نى گېرمان تىلىدا ئېلان قىلىپ، شۇ يىلى پەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

گۇننار ياررىڭ 1933- يىلى لوند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن 1940- يىلىغىچە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دوتسېنتى بولغان. ئۇ شۇ يىلى مائارىپ ساھەسىدىن دىپلوماتىيە ساھەسىگە ئالمىشىپ، شۋېتسىيىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدا ئىشلىگەن. 1941- يىلدىن يىلدىن 1945- يىلىغىچە شۋېتسىيىنىڭ تېھران ۋە باغداتتا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولغان. 1946- يىلى ئېفىئوپىيىدە تۇرغان.1948- يىلى شۋېتسىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى، كېيىن يەنە سېرىلانكىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولغان. 1951- يىلىدىن 1958- يىلىغىچە شۋېتسىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدە، كېيىن شۋېتسىيىنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن.

1958- يىلىدىن 1964- يىلىغىچە شۋېتسىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان.

1964- يىلىدىن 1973- يىلىغىچە شۋېتسىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، قوشۇمچە موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن.

1973- يىلىدىن ئېتىبارەن كەسپىي دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىقىدىن چېكىنىپ چىققان.

گۇننار ياررىڭ مەشھۇر ئالىم بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن دىپلومات. ئۇ نۇرغۇن شان- شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولغان. 1971- يىلى «نيۇ- يورك مەشھۇر زات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1994- يىلى تۇنجى قېتىم شۋېتسىيە پادىشاھى ئۇنىڭغا «ئانتروپولوگىيە ۋە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئالتۇن تۇرنىسى»نى ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلغان.

گۇننار ياررىڭنىڭ تەتقىقاتى 1933- يىلى باشلانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي- سىياسىي خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ ۋاقىتنى ئۇيغۇرشۇناسلىققا قارىتىپ تۆۋەندىكىدەك ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى:

① «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى»(1933- يىلى لوند).

② «ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە ئۇلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈرگە ئايرىش ھەققىدە تەتقىقات» (1939- يىلى).

③ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللار» (چوڭ تۆت توم، 1946— 1951- يىللار، لوند)

④ «ئۇيغۇرچە- ئىنگلىزچە دىئالېكتولوگىيە لۇغىتى» (1964- يىل لوند)

⑤ «گۇستاف راگۇيت ۋە <قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەپەندىگە يازغان خېتى> ھەققىدە تەتقىقات» (1975- يىل لوند)

⑥ «شىنجاڭنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى شۋېتسىيىلىك مىسسىيونېرلارنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلەتشۇناسلىق ... ماتېرىياللار» (1979- يىل، لۇند)

⑦ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» (1979- يىل ستوكھولم، 1986- يىل ئامېرىكا دوك ئۇنىۋېرسىتېتى، 1994- يىل ئۈرۈمچى، خەنزۇچە نەشرى، 1988- يىل ئۈرۈمچى، ئۇيغۇرچە نەشرى)

⑧ «قەشقەر ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللار»(1980- يىل، لۇند)

⑨ «ئۇيغۇر تىلىدىكى <مۇنازىرە ئەدەبىياتى> توغرىسىدا خاتىرىلەر» (1981- يىل، لۇند)

⑩ «شىنجاڭدىكى يىپەك يولىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىكى يېڭى بايقاشلار توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» (1933- يىل)

(11) «قەشقەر قولىيازمىلىرى» (1987- يىل، لۇند)

(12) «<ئوغرىسى يوق شەھەر> ۋە <كېكىردەك بىلەن تائاملار مۇنازىرىسى>» (1989- يىل، لۇند)

(13) «قەشقەردىكى باسما ماتېرىياللار، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدىكى باسمىخانىسى: تارىخ ۋە باسما بۇيۇملار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (1991- يىل، ستوكھولم)

(14) «ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى- شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى تەسۋىرىدىكى خەنزۇ تىياتىرى» (1991- يىل، لۇند)

(15) «شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار»(1991- يىل، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 35- تومىغا بېسىلغان)

(16) «ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى» (1992- يىل، لۇند)

(17) «ئۇيغۇر، قازاقلار ئۈچۈن يېڭى لاتىن ئالفاۋىتى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسى بويىچە بايقاشلار» («مەركىزىي ئاسىيا» ژۇرنىلى)

گۇننار ياررىڭ بىر ئۆمۈر ئۇيغۇرشۇناسلىققا مۇھەببەت باغلىدى، ئۆزىنى بۇ ساھەگە تەقدىم قىلدى. ئۇ بۇندىن 20 يىل ئىلگىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر ئىلمىي يىغىندا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «مەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق ۋاقىت ئۇلار بىلەن بىللە ياشاپ، بىللە ئىشلىدىم. بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى قەشقەردە، ئاندىن كەشمىردە، ھىندىستاندا ۋە ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىدىم ۋە ئىشلىدىم. ئۇيغۇرشۇناسلىق مېنىڭ دەسلەپكى مۇھەببىتىم بولدى، شۇڭلاشقا ئۇ مېنىڭ خاتىرەمدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ».

گۇننار ياررىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ 1929- يىلى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھاۋالىسى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن خېلى كۆپلىگەن قولىيازمىلارنى شۇ يىللاردىكى كىتابپۇرۇش روزى ئاخۇندىن سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»نىڭ قولىيازما نۇسخىسى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەمدىن كەم تېپىلىدىغان زارا خەتمە (سۇ تىلەش)گە ئائىت قولىيازما- رىسالىلەر بارئىدى.

گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ 1992- يىلى لۇندتا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى» ناملىق نوپۇزلۇق ئەمگىكىگە 1905- ۋە 1910- يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەردىكى تۆت- بەش نەپەر ئۇيغۇر مۇئەللىم تەرىپىدىن چەت ئەللەرگە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىش مەقسىتىدە تەييارلانغان چاغاتاي يېزىقىدىكى بىر قىسىم قولىيازمىلارنى كىرگۈزگەن. بۇ قولىيازمىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ توي- تۆكۈن، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە ئىجتىمائىي فولكلورىغا ئائىت ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ئۇيغۇر فولكلورى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنى ۋە بۇ ساھەگە قىزىققۇچى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە ئۇنى نەشرگە تەييارلاشنى لايىق تاپتىم.

**«ئۇيغۇر كىيىم- كېچەكلىرى»**

ئەر كىشىلەرنىڭ كىيىدىغان كىيىملىرى —— بايلار ئوروس گەزماللىرىدىن ۋە ياكى ھىندىستان گەز ماللىرىدىن كۆڭلەك ئۈچۈن خەسىگە ئوخشاش بىر خىل ئالىي كىيىملىكنى تاللايدۇ. بايلار ئۇلاردىن كۆڭلەك، تامبال (ئىشتان) كىيىدۇ. كۆڭلەك قاتارلىقلارنى قىسقا، تار قىلىپ، تىككۈچىگە تىكتۈرۈپ كىيىدۇ. ياز كۈنلىرى بولسا «يەكتەك» دەپ ئاتىلىدىغان قىسقىراق بىر خىل چاپان ۋە ياكى كەنزۇر (كەمزۇر) تىكتۈرۈپ كۆڭلەك ئۈستىگە كىيىپ، ئۈستىدىن پەرغانىستاندىن كەلتۈرۈلگەن سىپتا، چىرايلىق قىزىل،

يېشىل، سېرىق، قارا ۋە ياكى ئاق رومال بىلەن ئىچىگە كىيگەن يەكتەك ۋە يا كەنزۇر ئۈستىدىن بېلىنى باغلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن نەشتەر سىز بىر خىل تون، يا بەقەسەم، ياكى ماھوت، ياكى ئاچىن (بېيجىڭ) مەشۇتىدىن كىيىم قىلىپ كىيىدۇ. بۇ كىيىملەرنىڭ ھەربىرىدە تۈگمە، بىر ئىزمە بار. لېكىن كەنزۇر چاپاننىڭ بېشىدىن تارتىپ ئىزمە- تۈگمىلەر بار بولۇپ، ئۇنى ياش- ئۆسمۈر باللار كىيىدۇ. ساقاللىق كىشىلەر يەكتەك كىيىدۇ. كەنزۇرغا ۋە يەكتەككە يانچۇق قىلىدۇ. ئەمما ھەممە كىيىمنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان تونغا ئادەتتە يانچۇق قىلمايدۇ. مۆتىۋەر ئادەملەر ھىندىستان داكىسىدىن بېشىغا سەللە يۆگەيدۇ. نوچى ياشلار سۆسەر تۇماق، تۈلكە قامىلىق تۇماق ۋە قارا كۆرپە تۇماقلارنىمۇ كىيىدۇ. پۇتلىرىغا بولسا ئامېرىكا مەسە كېپىشى، پورمە كېپىش مەسە ۋە ھىندىستان قىرىمىنىڭ كېپىشىنى، يەنە بەزىلەر كالاچ كېپىشلەرنى كىيىدۇ. يوقىرىقىلار ئەرلەرنىڭ كىيىمىدۇر. ئەمدى ئاياللارنىڭ كىيىمىگە كەلسەك، ئاۋۋال ئالتۇن زىرە، ئالتۇن تاج، ئەتلەس كۆڭلەك. تاۋار ۋە دۇخاۋا، مەشۇت، چەكمەندىن كۆڭلەك، تامبال كىيىدۇ. قايسى خىل رەختتىن كۆڭلەك كىيسە، شۇنىڭدا تامبال كىيىدۇ. كۆڭلەكنى تولىمۇ ئۇزۇن يەردە سۆرىلىپ يۈرگۈدەك كىيىدۇ. بەزىلىرىنى قاساقلىق قىلىدۇ. ھەممىنىڭ ئۈستىگە ھىندىستان ئاغەبانۇسىدىن، يەنى ئاق ئاغەبانۇدىن ئاق پەرىجە دەيدىغان ئۇزۇن، يەڭلىرى تار پەرىجىنى كىيىدۇ. لېكىن يەڭلىرىنى سالمايدۇ. يۈزىگە چۈمبەل تارتىدۇ. لېكىن يەكەن، خوتەننىڭ خوتۇنلىرى ئاق پەرىجە ئىشلەتمەيدۇ. ئۇلار ئاق پەرىجە ئورنىغا باشلىرىغا لېچەك سالىدۇ. ھىندىستان داكىسىدىن تۆت چاسا كەلگەن بىر ياغلىقلىق ئېلىپ، ئۇنى بېشىدىن تارتىپ تاكى تاپىنىغا يەتكۈدەك ئۇزۇن قىلىپ ئارتىدۇ. كىيىملەرنى نەپىس مەشۇت لىباسلاردىن كىيىدۇ. قىشلىق لىباسلىرى ئۈچۈن ئادەتتە كۆرپىلەردىن يەڭسىز جىلىتكە قىلىپ، ئۇنى تاشلاپ، ئىزمىلاپ ئۈچ مىسقاللىق تەڭگىنى تۈگمە قىلىپ كىيىدۇ. ئىلگىرى لىباسلارنىڭ رەڭ پەرقى بار ئىدى. بۇ زاماندا ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ قالدى. ئادەتتە توپارەڭ ياكى ئاق نەرسىلەر ئەر كىشىلەرگە، قىزىل رەڭلىك كىيىملەر خوتۇن كىشىلەرگە خاس ئىدى. ھازىرقى كۈندە تامام ئارىلىشىپ كەتتى. خۇسۇسەن قارا رەڭلىك لىباسلار ئەر كىشىنىڭ ئىدى. ھەتتا تاپاۋتى يوق مەزلۇم كىشىلەر ئالتۇن زىرە، ئالتۇن تاجىنىڭ تاشايىنىدا، بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەزۈك، كۈمۈش بىلەزۈك، بارماقلىرىغا ئالتۇن باغلىق ياقۇت ئۈزۈك، فىروزە، لەئل، زەبىرىچە، زۇمرەت ئۈزۈكلەر سالىدۇ. مەرۋايىتنى ئالتۇن زىرىنىڭ چۆرىسىگە تىزىدۇ. مەزلۇملار ئۇنى دوراپ تاكى ئۇنى تاپمىغىچە تىنماس ئىكەن. كىيىملەرنىڭ ئەستىرىگە، ياقىلىرىغا ۋە پەشلىرىگە ئىشلىتىدىغان نەرسە ئاساسەن كۆك خەسىدىن ئىبارەت. ياقىسىنى تار قىلىدۇ. ئەرلەر ياقىسىنى كەڭ، ئەرلەر تامبالنى بەزىدە شىم تەرىقىسىدە تار قىلىپ قۇر (يىپ كەمەر) بېكىتىپ كىيىدۇ. ئاياللار ئىلگىرىكى ئادەت بويىچە كەڭ قىلىپ كىيىدۇ. لېكىن پاختىلىق تامبالنى ئاياللار تار قىلىپ قۇر بېكىتىپ كىيىدۇ. ئىلگىرى ئاياللارنىڭ «بافتۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسىم كىيىملىرى بار ئىدى. ئۇنى تامامەن يىڭنە بىلەن، يا ئىلمە دوزلۇق بىلەن مەشۇت يىپتا گۈل تىكىپ كىيەتتى. بەلكى باجىندە (بېيجىڭ) تەييارلانغان «بافتۇ» كۆڭلەكنى ناھايىتى ئوبدان كۆرەتتى. ئۆتۈكلەرنى كالۋۇتۇن يىپتىن يۈزىگە گۈل كەلتۈرۈپ تىكتۈرۈپ كىيەتتى. كېپىشنىمۇ شۇنداق قىلىپ كىيەتتى. تۇماق، تەلپەككە كەمچەت قامىنى ئىشلىتىپ گۈمبەز شەكىللىك قىلىپ تىكتۈرۈپ كىيەتتى. ئۇ ئېغىر بولاتتى. دوپپا ۋە بۆكنىمۇ گۈمبەز شەكىللىك قىلىپ تاۋاردىن ياكى كىمخاپتىن تىكتۈرۈپ كىيەتتى. ئەرلەرنىڭ دوپپىسى ھەم گۈمبەز شەكىللىك بولۇپ، كۆك تاۋار ياكى كۆك خەسىدىن بولاتتى. تونلار بەئەينى بەگلەر تونىدەك پەشلىك ئىدى. ئاياللارنىڭ كۆڭلەككە بېكىتىدىغان ئامۇت شەكىلدىكى چوڭ تۈگمىلىرى بار ئىدى. بۇ تۈگمىلەر ئۈستىگە ئالتۇن يالانغان، ئۇششاق فىروزەلەر ۋە ياقۇت (قىزىل ياقۇت) كۆز قويغان تۈگمىلەر بولۇپ، سانى بەش دانە بولاتتى. يەڭلىرى كەڭ ھەم كۆڭلەكلەرگە قاتار بەش تۈگمىنى بېكىتەتتى. بۇ تۈگمىلەر جوۋانلارغا، چوكانلارغا ئىشلىتىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى تاكى كاسىسىغىچە ئوچۇق بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە ئىزمە قىلاتتى. ئىزمىلىرىنى كەڭ، قىزىل مەشۇت يىپتىن قىلاتتى، جوۋانلار قۇلاقلىرىغا مەرۋايىت مۇنچاق سالاتتى. ئىككى قۇلىقىغا ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ، ئېغىرلىقى تۆت شەدەلىك بىر جۈپ مەرۋايىت مۇنچاق، بىلەكلىرىگە بىلەزۈك ۋە قوللىرىغا لەئل ياقۇت، فىروزە، قىممەت باھالىق تاشلاردىن ئۈزۈك سالاتتى. ئەمدىلىكتە بېشىغا «فەسىر دەربە» دەپ ئاتىلىدىغان سەمەرقەند دوپپىسىنى كىيىپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن قاداق بېكىتىدۇ، ياكى

بولمىسا قارا قىزىل مەشۈت يىپ بىلەن تىكىلگەن دوپپىلارنى كىيىدۇ. لېكىن ھازىر مانا بۇ جوۋان، مانا بۇ چوكان دەيدىغان بىر نىشان قالمىدى. چۈنكى بىر قىسىم كۆڭلەكلەر پەيدا بولدى. ئۇ غەربچە كۆڭلەك بولۇپ، يەڭلىرى تار، ياقا سېلىپ، بىر غېرىچ ئەتراپىدا كونجەك قويۇپ ئۈچ دانە سەدەپ توگمە بېكىتىپ، بالىسىنى ئېمىتمەكچى بولسا، بېقىنىدىن بىر توشۇك قويۇپ ئېمىتەتتى ۋە جوۋان دېسە جوۋان، چوكان دېسە چوكان بولۇپ يۈرۈۋېرەتتى. لېكىن بەزى بايلار ئارىسىدا قەدىم ۋاقىتقا مۇۋاپىق بىرسىنى جوۋان قىلماق توغرا كەلسە، يىراق- يېقىن قوشنا- قولۇملىرىنى يىغىپ بەئەينى تويدەك مەشرەپ قىلىپ، قوي ئۆلتۈرۈپ، كىيىملەر ئېلىپ جوۋان قىلىپ قويىدۇ. يەنى جوۋانچە كۆڭلەك كىيدۈرۈپ قويىدۇ. جوۋانچە كۆڭلەك دېگەن ھېلى بۇ زاماندا ئىراقى دەپ ئاتالغان ئۈچ ئىلىكچە توقۇلغان بىر قۇر مىسلىكتۇر. ئۇنى جوۋانچە ئاندى ئۇچۇق كۆڭلەككە بېكىتىدۇ. يەنە ئايال كىشىلەر ئارىسىدا بىر قىسىم قائىدە بار: جوۋانلارنىڭ بېشىغا چاچ ياساپ سالىدۇ. ئۇزىنىڭ چېچىدىن باشقا، ئىلگىرى بېشىدىن چۈشكەن چاچلارنى ساقلاپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن چاچ ياساپ، ئۈچ تال ياكى بەش تال قىلىپ سالىدۇ. قارىسىنى ئىلغايدۇ. بەزىدە قوتاز قۇيرۇقىدىنمۇ چاچ ياسايدۇ. ياز بولسا زىننەت ئۈچۈن قېشىغا ئوسما قويىدۇ. باشقا ۋاقىتتا چىراغ ئىسىدىن قاشلىق ئېتىدۇ. يۈزىگە ئۇپا، مەڭزىگە ئەڭلىك سۈرتىدۇ. سالغان بەش تال چاچ كومۇشتىن ئىچى كاۋاك، ئۈستىگە مارجان قويۇلغان چاتقۇلار بىلەن چېتىپ قويۇلىدۇ.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، بېشىغا سالىدىغان بەش تال چاچ بىلەكتىن يوغان بولۇپ، بەش ئۆرۈم چاچنى سېلىپ چېتىقنى بېكىتكەندىن كېيىن، جوۋانلار چېچىنى كۆتۈرەلمەي كەينىگە قاتىيىپ قالىدۇ. جوۋانلارنىڭ ئىلگىرى بىر قىسىم تامبىلى بار ئىدى. ئۇ ئىشتاننىڭ ئۇششۇقتىن تىزغىچە بولغان قىسمى ھەر خىل رەڭدىكى پارچە مەشۇتلاردىن تىكىلەتتى. قول ھەم پۇتلىرىغا خېنە ياقاتتى. بېشىغا ئاق پەرىجە ئارتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان دوپپىسى بار ئىدى. قاتتىق سوپۇنغا ئوخشاش ئۇزۇن بىر نەرسىنى بېشىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاق پەرىجە ئارتاتتى. ھازىر ئۇنداق نەرسىلەر قالمىدى. ھازىر ئاق پەرىجە ئۈستىگە تۇماق ياكى دوپپا كىيىدۇ.

## ساچىباغ تويىنىڭ رەسىملىرى

بىر مەزلۇم كىشىنى جوۋان قىلماقچى بولسا، ئون ئالتە ياشتىن تارتىپ، ئوتتۇز ياشقا يەتكۈچىلىك جوۋان قىلىدۇ. ئاۋۋال ئول قىزنىڭ دادىسى قىزىغا بەزى ئىگىن- ئاياغلارنى، ئۇپا- ئەڭلىكلەرنى ئېلىپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئانىسى قىزنىڭ بېشىنى ئۆرۈپ، قولاقلىرىغا زىرە- مونچاق، قوللىرىغا ئۈزۈك، يۈزلىرىگە ئۇپا- ئەڭلىك سۈرتۈپ، كۆزلىرىگە مەددىستان سۈرتۈپ، باشلىرىغا جىق چاچلار ۋە تارتمىلار سېلىپ ئەتىسى ساچىباغ تويىغا تەييار قىلىدۇ. ئول ساچىباغ تويىغا قىز تەرىپىدىن، ئوغۇل تەرەپتىن ناھايىتى كۆپ مېھمان قىچقىرىدۇ. ئول قىز ھەممە ئىگىن- ئاياغلىرىنى كىيىپ، ناھايىتى ياسىنىپ، ئۆزىگە زىبۇ زىننەتلەر بېرىپ سوروندا ئۇسسۇل ئوينايدۇ ھەم نەغمە- ناۋا قىلىدۇ. قىز تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلار ئەكەلگەن قوي، توقاچ، رومال، توخوم، يەل- يېمىش، نەرسە- كېرەكلىرىنى جوۋان بولغان قىزنىڭ ئالدىغا قويىدۇ ۋە ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلار ئەكەلگەن قوي، كالا، توقاچ قاتارلىق پېشكەشلىرىنى ئوغۇلنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. قىز تەرەپتىن مېھمانلارغا كاۋاپ قويىدۇ، ئوغۇل تەرەپتىن مېھمانلارغا پولۇ قويىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئالدىغا قىزنىڭ دادىسى تون قويىدۇ. قىزنىڭ ئالدىدا ئوغۇلنىڭ ئاتا- ئانىسى پەتنۇسقا سېلىپ ئىگىنلىك قويىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەممە كىشىلەر قىز- ئوغۇلنى «مۇبارەك بولسۇن»، «مۇبارەك بولسۇن» دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ھەر قايسىسى ئۆز ئۆيىگە جۆنەيدۇ.

## تىككۈچى (سەيپۇڭ)نىڭ بايانى

تىككۈچى دېگەن ئەر ۋە ئايال خەقلەرگە كىيىم پىچىپ، تىكىپ تاپاۋەت قىلىدۇ. ئىش ھەققىگە ئالغان پۇلنى سىمكار پۇلى دەيدۇ. تىككۈچىلىككە قايچا، يىڭنە، تانا، گەز، دەزمال، شاخالىڭ، ئۇيماقلار لازىم بولىدۇ. كىشىنىڭ بويىغا چاغلاپ قايچا بىلەن كېسىلىدۇ. يەڭلىرىنى، چۈشۈق بويلىرىنى، ياقا، غوللارنى ئۆلچەپ تانا بىلەن چاغلاپ پىچىپ، چاكلارنى قولىغا شاخالىڭ ياكى ئۇيماق سېلىپ يىڭنە بىلەن تىكىلىدۇ. ياكى ماشىنا بىلەن تىكىپ ئۆرە قىلىپ ئەستەر كېسىپ، پاختا سېلىپ راسلايدۇ. يازلىق كىيىملەرنى يېلىڭ قىلىپ، تەپچىپ تەييارلاپ، سۇ پۈركۈپ دەزمال سېلىپ قاتلاپ ئىگىسىگە ياندۇرىدۇ.

ئىگىنلەرنىڭ ئىسىملىرى: ئۇزۇن كۆڭلەك، يالاڭ ئىشتان، پاختىلىق ئىشتان، قىسقا كۆڭلەك، تون، خەنتازا

www.uyghurkitap.com



كۆڭلەك، نىمچە، جۇيازا، جاجازا، غېرىبچە كۆڭلەك، كەمزۇر، يەكتەك، جىلىتكە، پىشتان قاتارلىقلار.

## ئىلمى دوزنىڭ بايانى

ئىلمى دوز دېگەن ھەر قىسىم تاۋار، دۇردۇن، ئەتلەس، شايە، لەنبۇق، خەسە قاتارلىق خېرىتىلەر (رەختلەر)گە ھەر خىل شەكىللەرنى تىكىپ رومال، دوپپا، چوڭ گۈللۈك شىدشاڭ ۋە كەشتىلىك پاقالچىقىغا گۈل تىككەن ئىشتان، تەكىيە باشلىقى، ئىراقى، بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىشلىتىدىغان لۆڭگە، مېھرابلىق، جەيناماز، بايلارنىڭ ئورۇنلىرىغا، مېھرابلىرىغا يايىدىغان شىدشافلارنى تەييارلايدۇ. گەردىش دېگەن ئەگمەك ياغاچقا خېرىتىلەرنى تارتىپ قويۇپ، ئىلمى (دەرەپشە) دېگەن تەتۈر بىسلىق ئەسۋابقا مەشۇت يىپى، جانان يىپى، رەڭ يىپىنى ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا گۈل تىكىپ ساتىدۇ. خېرىتىلەرگە گۈل باستۇرۇشقا باسمىچى لازىم بولىدۇ. باسمىچى ھەر خىل گۈللەرنىڭ سىزىقمىنى سىزىقچىدىن ئالىدۇ. سىزىقچى ياغاچلارغا ھەر خىل گۈللەرنىڭ سىزىقمىنى ئويۇپ باسمىچىغا ساتىدۇ. قېلىپنى تۇزغا چىلاپ خېرىتىلەرگە باسىدۇ.

## تۇماقچى ۋە دوپپىچىنىڭ بايانى

تۇماقنى قىش كۈنلىرىدە، دوپپىنى ياز كۈنلىرىدە كىيىدۇ. تۇماق بىر نەچچە قىسىم بولىدۇ. ئەرەنچە تۇماق، سەللە يۆگەيدىغان موللىچە تۇماق، تېرىدىن تىككەن دومچى تۇماق، قارا دۇخاۋىدا تاشلاپ چۆرىسىگە قاما تۇتقان بەگچى تۇماق، چىپار تۇماق، ئازغىنە قاما تۇتقان سەرپۇش تۇماق، ئىلچە تۇماق، ئارتۇش (ئاتۇش) تۇمىقى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەلپەك دېيىلىدۇ. ئاياللار كىيىدىغان تۇماق ھەم بىر نەچچە قىسىم بولار. سۇلايسۇن تۇماق، قاما تۇماق، تۈلكى تۇماق، سۆسەر تۇماق، كىمخاپ تاشلىق تۇماقلاردۇر. بۇ تۇماقلارنى خېرىتىلەرنى ئەندىزىگە سېلىپ قايچا بىلەن كېسىپ، يىپ-يىڭنە بىلەن تىكىپ قېلىپقا تارتىپ، قىلتاق بىلەن تاراپ، ئۇزۇن چۇپۇرلىرىنى كېسىپ تەييارلايدۇ. تېرە تۇماقنى چىشلىرى بىلەن چىشلەپ گۈل چىقىرىپ تەييارلاپ ساتىدۇ.

دوپپا ھەم بىر نەچچە قىسىم بولىدۇ. ئەندىجان (ئەنجان) دوپپىسى، بۇ دوپپىنى ھەرخىل لەنبۇق، ھەر خىل دۇخاۋىلارنى، ئەندىزىگە چاغلاپ كېسىپ، باسمىچىغا تامغا باستۇرۇپ گۈل تىكىدۇ. ئاندىن ئەستەر كېسىپ، لوخشۇپ قەغەز بىلەن پىلتە بېرىپ، قەن- گېزەك پۈركۈتۈپ، چۆرىسىگە جىيەك تۇتۇپ، قاتلاپ، سۇ پۈركۈپ ئىككى تاختىنىڭ ئارىلىقىغا ئېلىپ، تۆپىسىگە چىقىپ دەسسەپ قاتۇرۇپ پەرداز بېرىپ تەييارلايدۇ، ئاندىن قېلىپقا سالىدۇ. ئارتۇش شاپىقى دەيدىغان بىر خىل دوپپا بار، ئۇنى تۆت تالا قىلىپ تىكىدۇ. بىر تالانى يەنە بىر تالاغا چېتىپ، چۆرىسىگە قارا تۇتۇپ تەييارلايدۇ. ئاق دوپپا دېگەن يەنە بىر قىسىم دوپپا بار، ئۇنى ئىككى قەۋەت خەسىنى ئەندىزىگە سېلىپ پىچىپ، ماشىنا بىلەن تىكىپ تەييار قىلىدۇ. موزا دوپپا دېگەن دوپپىنى سەككىز ياكى ئون ئالتە تالا يا بولمىسا تالاسىز قىلىپ تەييارلاپ قېلىپقا سالىدۇ. بەزى دوپپىلارغا كالۋۇتوندىن گۈل كېسىپ چاپلاپ تەييارلايدۇ. دوپپىلارغا گۈللەرنى مەشۇت يىپى بىلەن تىكىپ بازاردا ساتىدۇ. يەنە يوڭدىن تىكىلگەن بىر خىل قالپاق دەپ ئاتىلىدىغان، يازدا كىيىدىغان بىر خىل باش كىيىم بار، ئۇنىڭ بەزىسىنى تۆت تالا، بەزىسىنى تالاسىز قىلىدۇ. بەزىلىرى يۇمىلاق بولىدۇ. چۆرىسىگە قارا لەنبۇق، مەخمەلدىن پەۋاز قىلىپ، ئۇچىغا يىپتىن پۆپۈك ئېتىپ ئېسىپ قويىدۇ. ئۇنى تولاراق سەپەردە يۈرۈيدىغان كىشىلەر كىيىدۇ.

## جوۋۇچىنىڭ بايانى

جوۋۇچى تېرىنى قاسساپتىن ئېلىپ توپلايدۇ. ئاندىن تېرىنى ئاشلاشقا چوڭ ئىدىش ئىشلىتىدۇ. كۆممىقوناقنىڭ ئۇننى خېمىر قىلىپ خېمىرغا تۇزنى جىق سېلىپ ئېلىشتۇرۇپ، تېرىنى سۇغا چىلاپ يۇمشاق قىلىپ خېمىرنى تېرىنىڭ ئىچىگە سۇۋاپ قاتلاپ ئىدىشقا سالىدۇ. ئىدىشقا تۇز، سۇ، ئۇننى ئېلىشتۇرۇپ قويۇپ، تېرىلەر ئاش يېگەندە توڭدىن ئېلىپ قۇرۇتۇپ، ئەيلەپ ياغاچقا تارتىپ قويۇپ ئىككى قولى بىلەن تېرە ئۇغىقى دېگەن ئىككى دەستىلىك ئوغاقتا تاراشلاپ ئاقارتىپ كۆرپىنى كېسىدۇ. چاڭ دېگەن ئەسۋابنى مەيدىدە بېسىپ تۇرۇپ، تېرىنى ياغاچقا تارتىپ ئىشلىتىدۇ. جەپەر دېگەن ئەسۋابتا كۆرپىنى (تېرىنى) ئاقارتىدۇ. ياغاچتىن ئەتكەن چۆپكەر، نىمكەز دېگەن ئەسۋابتا پەرداز قىلىدۇ. تېرىنى ئۆلچەپ، تانا چېكىپ كېسىپ، يىڭنە بىلەن تىكىپ جوۋۇنىڭ چۆرىسىگە، يەڭلىرىنىڭ ئۇچلىرىغا كۆرپە تۇتۇپ تەييارلاپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىلىدۇ. جوۋۇنى قىش كۈنلىرىدە كىيىدۇ.

### باپكارلىقنىڭ بايانى

تەگو (ئەگلىك بولسا كېرەك) قومۇشتىكى يىپلارنى قاتار تىزىپ، ھەر قومۇشتىكى يىپنىڭ ئۇچىنى بىر تالدىن ئېلىپ كىنارە دېگەن ئۇششاق قوزۇقلارنى ئايۋاننىڭ تېمىغا قاتار قېقىپ، يىپلارنىڭ ئۇچىنى تايلاپ قوزۇقلارغا ئىلىپ بولۇپ ئۇنى، يوغان بىر كاللەك يىپ قىلىپ، پاتلاپ دۇكانغا تارتىدۇ. يىپلارنى ئۇن بىلەن پاتلايدۇ. مۈڭگۈزدىن ياسالغان مۇكا دېگەن ئوتتۇرىسىدا ناچىنى قويىدىغان بىر ياغىچى بار. دەپتىن دېگىنى بېسىپ تۇرىدىغان ياغاچتۇر. پىكا دېگىنى دەپتىن بېسىپ تۇرىدىغان ياغاچنى كۆرسىتىدۇ. توركە دېگەن تەييار بولغان خامنى يۆگەيدىغان ياغاچنى كۆرسىتىدۇ. تىغ دېگەن يىپنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ يىپنى كېرىپ بېرىدىغان قومۇشتىن ياسالغان ئەسۋاب. كولە دېگەن دەپتىننى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ياغاچ. ئۇينىغۇچ دېگەن يىپنىڭ قېتىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئۈچ دانە ياغاچنى كۆرسىتىدۇ.

### ئۆي بىساتىنىڭ بايانى

ئۆيگە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر —— ئاۋۋال سالىدىغىنى بورىيادۇر ياكى بورىيانى جاڭگال قومۇشىنى ئوراپ توقماق بىلەن سوقۇپ يانچىپ توقۇپ ساتىدۇ. كىگىز يۇڭنى ئېتىپ يۇمشىتىپ ئاتقان پاختىدەك قىلىپ يۇڭ تەييارلايدۇ، چىغدىن بىر پارچە كىگىزچىلىك نەرسە بار، ئۇنى چىغدان ياكى دۇكان دەپ ئاتايدۇ، يۇڭنى ئۇنىڭغا سېلىپ، ئۇنى تەكشى قىلىپ چىغدان بىلەن يۆگەپ يۇملىتىپ، پۇتى بىلەن پىشۇرۇپ ياسايدۇ. تەڭلىمات دەپ ئاتىلىدىغان كىگىزنى بولسا پارچىلىرىنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ، گۈل كەلتۈرۈپ پىششىقلاپ ياسايدۇ. گىلەمنى بولسا يۇڭنى ئېگىرىپ، شوينا (يىپ) قىلىپ توقۇيدۇ. يەنە بىر خىل گىلەمنى پاختا يىپىدىن توقۇيدۇ. يىپ گىلەم ئىككى خىلدۇر. بىرى يۇڭ گىلەم، ئۇنىڭ يىپىنى بويايدۇ. يەنە بىرى پاختا يىپتىن توقۇلغان گىلەم ئۇنى ھەم بوياپ يول- يول قىلىپ تاغارچى توقۇپ تەييار قىلىدۇ. زىلچە- ئاۋۋال چىگە شوينىنى زىلچە دۇكانغا تارتىپ، ھەر خىل رەڭلىك يۇڭنى تايلاپ، تارتىلغان ئارقاق شوينا ئۈستىگە توقۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆزۈشنى چىڭ قىلماق ئۈچۈن پەنجە ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارقاقلارنى چىڭىتىدۇ ۋە ئۇزۇن- قىسقىلىرىنى تەكشە

توقۇيدۇ. يەنە كىچىكرەك، تارراق بىر خىلى بار بولۇپ، ئۇنى ھەم شۇ تەرش بىلەن توقۇپ يۇڭنىڭ ئېگىز- پەسلىرىنى قايچا بىلەن قىرقىپ راسلايدۇ. يەنە كىچىك توت چاسا بىر خىلنى ماروزە ياكى دەبەسكە دەپ ئاتايدۇ. ئۇنى توقۇماق- تامام زىلچە ماروزە بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۆيگە سالىدىغان ئىچىگە پاختا سېلىپ يا كىگىز تىكىپ، تەييارلىنىدىغان يەنە بىر سېلىنچا بولۇپ، ئۇنى دەبەسكە دەيدۇ. زەردىۋالدۇر. بۇ سۆز فارىسچە سۆزدۇر. ئەسلى زىردىۋار (زىر- زىننەتلىگۈچى، بېزىگۈچى دېگەن مەنىدە، دىۋار تام دېگەن مەنىدە بولىدۇ) يەنە بىرى دەرپەردە ياكى مەلەڭزە، ئۇنى ئىشىككە تۇتىدۇ. ئۇنى لەنبۇقتىن ۋە ياكى بوياق خامدىن تىكىدۇ. قوزۇقمۇ بىر خىل بىساتتۇر، ئۇنى —— ئۆينىڭ تۆر تەرەپتىكى تامغا قاقىدۇ. يۇقىرىقىلار ئۆي بىساتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆيگە بورا سېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە كىگىز، ئۆي ئوتتۇرىسىغا زىلچە سالىدۇ. تام چۆرىسىگە زەردىۋال تۇتۇپ، تۆرگە دەبەسكە، دەبەسكە بولمىسا يەك ئانداز (يېكەنداز) دەيدىغان كۆرپىنى سېلىپ قويىدۇ. ئۆيگە سالىدىغان كۆرپىلەر ئەتلەستىن، بەقەسەم لەمبۇق، چىت، شالپىر (بىر خىل رەخت بولسا كېرەك)لاردىن بولىدۇ. ئۇنى تامغا يېقىن چۆرىدەپ سېلىپ قويىدۇ. ئۇشبۇ بىساتلار ئۆي بىساتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

### سەرگەزچىنىڭ بايانى

ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار چوڭ بىر قازان، لەك چوبدۇر. لەك چوب دېگەن ئىككى ياغاچ كالتەكتۇر. خامنى زەمچە سۇيىدىن ئالغاندىن كېيىن، لەك چوب كالتىكىگە يۆگەپ سىقىدۇ، ئۇلارنىڭ تامغىسى بار. بۇ تامغىلاردا خىلمۇ خىل رەڭلەر بېسىلىدۇ. تامغىنىڭ گۈلىگە رەڭ تۇتۇلىدۇ. تامغىنىڭ كاۋىكى ئاق قالىدۇ. ئۇلار شاتاۋار دېيىلىدىغان بىر خىل خام چىقىرىدۇ. ئۇلارنىمۇ تامغا بىلەن چىقىرىدۇ. يەنە بىر قىسمى يوللۇق گۈللۈك خام ياكى چەكمەن چىقىرىدۇ. ئۇلارنى ھەم توقۇپ چىغرىق چىقىرىدۇ. ئۇلار ئاق رەڭ بىلەن ئەمەس، تولىراقىنى تامغا بىلەن چىقىرىدۇ. توقۇپ چىقىرىلغانلارنى ئورۇس يىپىدا چىقىرىدۇ. ئورۇس يىپىدا چىقارغانلار سىلىق توقۇلىدۇ. لېكىن قىممەت بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يۇرتىنىڭ يىپىدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان رەڭلىرى ھەرخىل رەڭدۇر. رەڭگە ئىشلىتىدىغان

www.uyghurkitap.com



خورۇچلىرى زەمچە، بوزغۇن، ئۇرادان، بەقەم رەڭدۇر. زاكىنىمۇ ئىشلىتىدۇ. بوزغۇن بىر خىل دەرەخ مېۋىسىدەك كىچىكرەك كەلگەن چىلاندەك چوڭلۇقتا بولۇپ، بەدەخشاندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇرادان بىر خىل قىزىل يىلتىزدۇر. بەقەم بولسا بىر خىل قىزىل ياغاچتۇر. يەنە بىر خىل رەڭ بولسا سۇرمە سىياھدۇر. قارا بوياش ئۇچۇن ئىشلىتىدۇ. زاك، سۇرمە، سىياھ كان مەھسۇلاتىدۇر.

## كۆنچىنىڭ بايانى

كۆنچى بىر نەچچە خىل رەخت تەييارلايدۇ. ئۇلار- قىرىم، بوزە، ساغرا، چەم، بىشۇدۇر. كۆننى كالا تېرىسىدە، چەمنى تۆگە، ئات، قوتازلارنىڭ تېرىلىرىدە، قىرىمنى ئەركەك ئۆچكە (تېكە) تېرىسىدە، بوزەنى چىشى (ساغلىق) ئۆچكىنىڭ تېرىسىدە، ساغرىنى ئېشەكنىڭ تېرىسىدە، بىشۇنى قوي تېرىسىدە ئېتىدۇ. تېرىلەرنى ئاۋۋال سۇغا چىلاپ قويىدۇ. ئاندىن تېرىلەرنى سۇدىن ئېلىپ ئاگ (ئاھاك) ۋە سۇ ئېلىشتۇرغان ئورىغا سېلىپ ئېچىتىپ، ئورىدىن ئېلىپ، يۇڭنى تازىلاپ، يەنە سۇغا سېلىپ، پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتۇپ دۇتخانا دېگەن تونۇردا ئىسلايدۇ. ئىستا سارغىيىپ يۇمشايدۇ. يۇمشىغاندا ئوبدان ئەيلەپ رەڭ بېرىپ راسلاپ، بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ.

## بوياقچىلارنىڭ بايانى

بوياقچىلار ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارمۇ كۆپ. ئۇلار يام، نوگاي، شىكاچاپ، لەك چاپلاردىن ئىبارەت. شىكاچاب ۋە لەك چاپ ئىككى ياغاچ كالتەكتۇر. نىل ۋە ئاھاك، ئاق نەرسىلەرنى نىل ھەم كۆك قىلىۋر ئىكەن. ئەمدى يالغۇز نىل قاپتۇ. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بەقەم، ئۇرادان، بوزغۇن قاتارلىق رەڭلەر ئىشلىتىلەتتى. ھازىر ئۇنداق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي، پەقەت نىل ئىشلىتىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى سەرگەزچىلەرمۇ ئىشلىتىدىغان بولۇپتۇ. بەقەم دېگەن بىر خىل قىزىل ئوتۇندۇر. ئۇرادان قىزىل بىر يىلتىز، كۆك پىت چاققان كىشىلەر ئىشلىتىدۇ. بوزغۇن بىر خىل ئوتنىڭ جۇملىسىدىن بولۇپ بەدەخشاندىن كەلتۈرۈلىدۇ. زەمچى، زاگ، ئاھاكنى ھازىر سەرگەزچىلەرمۇ ئىشلىتىدۇ. بوياقچىلار بىلەن سەرگەزچىلەرنىڭ ئەسۋابلىرى تامام ئوخشاشتۇر. لېكىن رەڭلەر ئارىسىدا پەرقى باردۇر. بوياقچى خاس بىرنىل ئىشلىتىدۇ. سەرگەزچى ھەرخىل رەڭ — يېشىل، قىزىل، زەمبىقى، كۆك، زەيتۇنى سېرىق، شاپتۇل چېچىكى، قارا، يۇلغۇن چېچىكى، كاۋا چېچىكى دېگەندەك رەڭلەرنى ئىشلىتىدۇ.

## موزدۇزنىڭ بايانى

موزدۇزلۇق دېگەن قەدىمكى ۋاقىتتىن تارتىپ ھەممىگە مەشھۇر بولغان ھۈنەردۇر. موزدۇزغا كۆپ ئەسۋاب لازىم بولىدۇ. موزدۇزنىڭ تەييار قىلغان ئىشىنىڭ باشقا- باشقا ئېتى بار. ئەر كىشى كىيىدىغان ئاياغنى مەسە، ئۆتۈك ياكى كېپىش دەيدۇ. خوتۇن كىشى كىيىدىغاننى زەيپانە دەيدۇ. كىچىك باللارنىڭكىنى باچكىنە دەيدۇ.

موزدۇزغا لازىم بولىدىغان رەختنىڭ بىر نەچچە قىسىم ئېتى بار. يەنى قىرىم، بوزە، كۆن، ساغرا، بىشۇ، چەم، چىيگىرىن، ئۆپۈگى، بولغارى قاتارلىقلار.

بىر موزدۇز بىر كىشىلىك مەسە پىچماقچى بولسا ئەندىزنى رەختنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كېسىدۇ. ئاندىن يەرگە ئىسمايىل تاپىنى ئىلمەك سانچىپ، يىپنى تارتىپ تۇرۇپ ئېشىدۇ. يىپنى يىڭنىگە ئۆتكۈزۈپ ساقدۇز دېگەن دەرەش بىلەن ئاياغنىڭ چاكلىرىنى، ئاندىن گۈلچىنلىرىنى تىكىپ، بىشۇ دېگەن رەخت بىلەن ئىچ ئەستەر تۇتۇپ، بەلچىدە ئەستەرنىڭ ئېگىز- پەسلىرىنى تۈزلەيدۇ. ئاندىن قېلىپقا تارتىپ، چەم كېسىپ مىخلاپ، چەمدوز دېگەن دەرەش بىلەن تىكىپ، پاشنىسىغا يەتكەندە پاشنا دوز دېگەن دەرەش بىلەن تىكىدۇ. رەختنى تىكىدىغان ۋاقىتتا دەزگىر دېگەن تاسما بىلەن پۈتىغا تارتىپ قويىدۇ. ئاندىن قونجىغا شاڭ قېقىپ موزاگىردون دېگەن ياغاچ بىلەن سىيلىق قىلىپ پالپۇشتەك بىلەن پەردازلاپ تەييار قىلىدۇ.

مۇھەررىرى: نۇرنىساباقى

# دوزاخنى ئاللاش

چوڭ بىر ئېلان سودىگىرى ماشىنا ھادىسىسىدە جېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ. جەننەتنىڭ قوۋۇقچىسى سان پېتىر ئۇنى توسۇۋېلىپ:

—— ئالدىرىما، ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ ئاندىن تاللا، - دەپتۇ. پېتىر ئۇنى چوڭ بىر يايلاققا باشلاپ كەپتۇ. ئۇ بىر قانچە پەرىزاتنىڭ نەي چېلىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىرمۇنچە كىشىنىڭ بىكارچىلىقتا لاغايلاپ، زېرىكىشتىن ئەسنەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. پېتر ئۇنىڭغا:

—— مانا بۇ جەننەت، ئەمدى ساڭا دوزاخنى كۆرسىتىمەن، - دەپتۇ.

ئۇلار تولىمۇ شاد- خوراملىقتا تولغان بىر سورۇنغا كەپتۇ، بۇ يەردىكى ھەربىر كىشىنىڭ چىرايىدىن بەخت ۋە خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇرغۇدەك، ئەر- ئاياللارنىڭ ھەممىسى ھەدەپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. سان پېتر ئۇنىڭغا:

—— مانا بۇ دوزاخ. سەن قايسىنى تاللايسەن؟ - دەپتۇ.

بىر ئۆمۈر دەۋر سۈرۈپ كەلگەن بۇ چوڭ ئېلان سودىگىرى قىلچە ئىككىلەنمەيلا:

—— ئەلۋەتتە دوزاخنى، - دەپتۇ.

—— ياخشى، بۇنى ئۆزۈڭ تاللىدىڭ، - پېتر شۇنداق دېيىشىگىلا ئىككى بەدبەشرە ئالۋاستى بۇ سودىگەرنى سۆرىگىنىچە ياغ قايناۋاتقان قازاننىڭ يېنىغا ئەكىلىپتۇ.

سودىگەر ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ، ئالاقزادە بولغىنىچە:

—— مەن بايا كۆرگەن دوزاخ مۇنداق ئەمەستىغۇ!- دەپ ۋارقىراپتۇ. سان پېتر:

—— بايا سېنىڭ كۆرگەنلىرىڭ ئېلان!- دەپتۇ.

## ئالدانغان قىز

بىر كۈنى كەچتە مانھاتتونتىكى بىر قىز دېڭىز بويىنى بىر ھازا ئايلانغاندىن كېيىن ئۆزىنى دېڭىزغا ئېتىپ ئۆلىۋالماقچى بوپتىكەن، بىر ماتروس ئۇنى تۇتىۋاپتۇ. ماتروس:

—— نېمە بولدىڭىز، ياپ- ياش تۇرۇپ مۇشۇنداقمۇ ئەخمەقلىق قىلغان بارمۇ؟ — دەپتۇ.

قىز يىغلاپ تۇرۇپ:

—— مەن نيۇ-يوركقا كەلگىلى بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى، ھازىرغىچە خىزمەت تاپالمىدىم، يېنىمدا بىر سېنتمۇ پۇل قالمىدى. ئەمدى قانداق تىرىكچىلىك قىلىمەن؟ ئۆيگە قايتىپ كېتەي دېسەم بېلەت ئالغۇدەك پۇلۇم يوق. ھېچقانداق يول تاپالماي ئاندىن ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم، - دەپتۇ.

ماتروس:

—— ئۆيىڭىز قايەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.

—— بۇئېنوس- ئايرېستا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

ماتروس يەنە:

—— ئۆيىڭىزدە يەنە كىملەر بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

—— دادام، يەنە ئاپام، —— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

ماتروس قىزغا باشتىن ئاياغ قاراپ چىقىپ، يەنە بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

—— ئالدىرىماڭ، مەن سىزنى بىر ئامال قىلىپ ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىمەن، - دەپتۇ، ئاندىن پىرىستاندا تۇرغان بىر پاراخوتنى كۆرسىتىپتۇ، - كۆردىڭىزمۇ، بۇ پاراخوت ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىدۇ، ئاۋۋال ۋېلمىنگتونغا، ئارقىدىن مىئامىغا، ئاندىن پاناماغا بارىدۇ، ئالتە ھەپتىدىن كېيىن

بۇئېنوس- ئايرېسقا يېتىپ بارىدۇ. ھېلى ئەل ئايىغى بېسىققاندا سىزنى پاراخوتقا ئاچىقىپ يوشۇرۇپ قويسام، ھەق تۆلىمەيلا ئۆيىڭىزگە كېتىۋالىسىز، بولامدۇ؟

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، ئەمما يېمەك- ئىچمىكىنى ئويلاپ يەنە تىت- تىت بوپتۇ:

— بولۇشىنغۇ بولىدىكەن، ئەمما ئالتە ھەپتىگىچە بىر نېمە يېمىسەم ئۆلۈپ قالامدىمەنمۇ؟

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ياخشىلىقنى ئاخىرغىچە قىلىمەن، ئۇسساپ قالماسلىقىڭىز ۋە ئاچ قالماسلىقىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىمەن، - دەپتۇ ماتروس كۈلۈپ قويۇپ.

قىز ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپتۇ، شۇ كۈنى كېچىسىلا ماتروس قىزنى پاراخوتقا ئېلىپ چىقىپ، بىر قۇتقۇزۇش كېمىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ قۇتقۇزۇش كېمىسىگە سۇدىن ساقلىنىدىغان كاناپ يېپىلغانىكەن، ئىچىگە يوشۇرۇنىۋالسا ناھايىتى بىخەتەركەن. ماتروس ئۇنىڭغا:

— يەيدىغان، ئىچىدىغىنىڭىزنى ھەر كۈنى كەچتە ئەكىلىپ بېرىمەن، ئەمما قالايمىقان ھەرىكەت قىلىسىڭىز بولمايدۇ، باشقىلار بىلىپ قالسا پاراخوتتىن ھەيدەپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ، - دەپتۇ.

قىز ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— رەھمەت سىزگە! - دەپتۇ، ئاندىن موككىدىلا چۈشۈپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى پاراخوت پرىستاندىن يولغا چىقىپتۇ.

قىز قۇتقۇزۇش كېمىسىگە مۈكۈنۈۋېلىپ بىر قەدەممۇ نېرىغا بارالماپتۇ، پەقەت پاراخوتنىڭ پرىستاندىن ئاستا- ئاستا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ھېلىقى ماتروسمۇ گېپىدە تۇرۇپ ھەر كۈنى ئاخشىمى قىزغا يېمەكلىك ۋە سۇ ئەكىلىپ بېرىپتۇ، تېخى بەزىدە قۇتقۇزۇش كېمىسىگە كىرىپ ئۇنىڭغا بىرەر- يېرىم دەم ھەمراھ بوپتۇ. قىز ياخشى نىيەتلىك بۇ شەپقەتچىسىدىن قاتتىق مىننەتدار بوپتۇ، شۇڭا ئالتىنچى كۈنى كەچتە ماتروس ئۇنى قۇچاقلاپتۇ، سۆيۈپتۇ؛ يەتتىنچى كۈنى ماتروس قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ يېتىپتىكەن، قىزمۇ رەت قىلماپتۇ.... قۇتقۇزۇش كېمىسىدىكى رومانتىك تارىخ مۇشۇنداق باشلىنىپتۇ. ئەمما ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەپتۇ.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە پاراخوت باشلىقى قۇتقۇزۇش كېمىسىگە يېپىلغان كاناپنىڭ بوشاپ قالغىنىنى بايقاپ، ئۇنى ئۆزى قول سېلىپ چىڭىتىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ قۇتقۇزۇش كېمىسىگە چىرايلىق بىر قىزنىڭ كىرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغاچقا، قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ.

قىز قورقىنىدىن يۈرەكئالدى بولۇپ، لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ، پاراخوت باشلىقى تېخى ئىنچىكىلەپ سورىماي تۇرۇپلا، قىز بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى پاراخوت باشلىقىغا بىر- بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە:

— رەھىم قىلىپ مېنى بۇ ئېنوس- ئايرېسقا ئالغاچ كەتسىڭىز، — دەپ يىلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ.

پاراخوت باشلىقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ:

— سىزنى پاراخوتقا باشلاپ چىققان ئاشۇ مۇتىھەمنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

قىز بېشىنى چايقاپتۇ.

— سىز ئاشۇ ئەبلەخنى تونۇيالامسىز؟

قىز يەنىلا بېشىنى چايقاپتۇ:

— مەن ئۇنى يورۇقتا كۆرۈپ باقمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ ياخشى، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئادەملىكىنى بىلىمەن، ئاشۇنداق بىر ياخشى يىگىتنىڭ بارلىقىنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايمەن.

پاراخوت باشلىقى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسېرى خاپا بولۇپ ۋارقىراپتۇ:

— سىز بۇنىڭ قانداق پاراخوتلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇ نيۇ-يورك بىلەن ستاتىن ئارىلىنىڭ ئارىلىقىدا قاتنايدىغان پاراخوت، ئۇ ھەر كۈنى كونا يولنى بويلاپ بېرىپ- كېلىپ تۇرىدۇ، يۇرتىڭىز بۇئېنس- ئايرېسقا ئالتە ھەپتىدە ئەمەس، ئالتە يىلدىمۇ يېتىپ بارالمايدۇ!

## ئاچچىقلىنىش ئەخمەقانىلىقتۇر

قەدىمكى زاماندا ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارغا ئاچچىقلىنىپ يۈرۈيدىغان بىر خانىم ئۆتكەنىكەن. بۇ خانىم ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىنى ئۆزىمۇ بىلىدىكەن. شۇڭا بىر كۈنى ئۇ بىر راھىبتىن ئىستىقامەت قىلىپ ئۆزىنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ.

راھىب ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھېچنېمە دېمەيلا ئۇنى بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ- دە، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قاپتۇ.

خانىم بۇنىڭغا ئاچچىقلاپ چىچاڭشىپتۇ، بولۇشىچە تىل- ھاقارەت ياغدۇرۇپتۇ، بىر ھازاغىچە تىللىغان بولسىمۇ، راھىب بۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ. ئۇ يىلىنىشقا باشلاپتىكەن، راھىب بۇنىمۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىۋاپتۇ.

خانىم ئاخىر جىمىپ قاپتۇ. راھىب شۇ چاغدىلا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

—— يەنە ئاچچىقلىنىۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

—— مەن نېمىشقىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ بۇ جاپانى تارتىمەن، دەپ ئۆزۈمگىلا ئاچچىقلىنىۋاتىمەن،- دەپتۇ خانىم.

—— ئۆزىڭىزمۇ ئەپۇ قىلالمىغان كىشىنىڭ مىجەزى قانداقمۇ ئۆزگەرسۇن؟ - راھىب شۇنداق دەپ يېشىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ.

بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن راھىب كېلىپ ئۇنىڭدىن:

—— يەنە ئاچچىقلىنىۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

—— ئاچچىقلانمىدىم، - دەپتۇ خانىم.

—— نېمىشقا؟

—— ئاچچىقلانساممۇ ئامال يوق- تە.

—— سىزنىڭ ئاچچىقىڭىز يوقىماپتۇ، ئىچىڭىزگە يىغىلىپ قاپتۇ، پارتلايدىغان بولسا تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ، - راھىب شۇنداق دېگىنىچە يەنە كېتىپتۇ.

راھىب ئىشىك ئالدىغا ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندە، خانىم ئۇنىڭغا:

—— مەن ئاچچىقلىمايدىغان بولدۇم، چۈنكى ئاچچىقلاش ئەرزىمەس بىر ئىشكەن، - دەپتۇ.

—— بۇ گېپىڭىزگە قارىغاندا، كۆڭلىڭىزدە يەنىلا بىر ئۆلچەم باركەن، — دەپ كۈلۈپتۇ راھىب.

راھىب ئىشىك ئالدىدا يەنە بىر قېتىم پەيدا بولغاندا، خانىم:

—— ئۇستام، ئاچچىق دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

راھىب قولىدىكى چاينى يەرگە تۆكۈۋېتىپتۇ. خانىم بۇنىڭغا بىر ھازا قارىغىنىچە تۇرۇپ كېتىپ، بىردىنلا ئەقلىنى تېپىپتۇ- دە، رەھمەت- تەزىم بىلەن كېتىپ قاپتۇ.

ئاچچىقلىنىش باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن ئۆزىنى جازالايدىغان ئەخمەقانە ئىشتۇر. ئالتۇندەك كەچكى قۇياش، كۈمۈشتەك تولۇن ئاي، ھاياتىمىزدىكى بەخت ۋە خۇشاللىقتىن تولۇق ھوزۇرلىنىشنىڭ ئورنىغا ئاچچىقلىنىپ نېمە قىلىمىز؟!

## بىر چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلار

بىر توپ ئادەم تاغقا سەيلىگە چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئېھتىياتسىزلىقتىن ناھايىتى چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئوڭ قولى بىلەن ئىككى پۇتى سۇنۇپ كېتىپ، سول قولىلا ساق قاپتۇ. ئازگال ئىنتايىن چوڭقۇر، بەك تىككەن، ھېلىمۇ ياخشى ئازگالنىڭ تېمىغا بەزى ئوت- چۆپلەر ئۆسۈپ قالغانىكەن، شۇڭا ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن كىشى سول قولى بىلەن ئازگال تېمىغا تايىنىپ، ئوتنى چىشلىگىنىچە يۇقىرىغا قاراپ ئاستا- ئاستا يامىشىپتۇ.

دەسلەپتە ئازگال سىرتىدىكى كىشىلەر ئازگالدىكى ئەھۋالنى ئېنىق بىلەلمەي، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ ۋارقىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قېلىپ ئوتنى چىشلىۋالغىنىنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن:

—— ئاپلا، ئۇ چىقالمايدىغان بولدى! بۇ ئوت ئۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، ئۆيىدىكىلەر قانداق قىلار؟ —— دەپ بەس- بەس بىلەن غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ.

ئازگالدىكى كىشى بۇ گەپلەرگە چىدىيالماي:

—— ئاغزىڭنى يۇمۇش! — دەپ توۋلىغانىكەن، ئازگالغا يەنە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ زادىلا ئورنىدىن

تۇرالماپتۇ.

ئۇ جان ئۈزۈشتىن ئاۋۋال ئازگالنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ: «دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ چىشلىۋېلىپ ھەرگىز يامىشىپ چىقالمايتتى!» دېيىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

# كىم كىمدىن قورقىدۇ

چاشقانچاق ئاتا چاشقانغا ئەگىشىپ كوچا ئايلانغىلى چىقىپتۇ. ئۇدۇلدىن تۇساتتىنلا بىر مۈشۈك چىقىپتۇ، چاشقانچاق قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ:

—— ئاتا، چاققان قاچايلى، مۈشۈك كەلدى!— دەپتۇ.

ئاتا چاشقان قىچىپ كەتمەكچى بولىۋاتقان بالىسىنى كاپپىدە تۇتىۋېلىپ، ئالدىرىماي- تېنىمەي:

—— بالام، قورقما، مەيدەڭنى كېرىپ ئۆتۈپ كەت، ئۇبدان قارىغىن، مۈشۈك ئاتاڭدىن قورقامدۇ، ئاتاڭ مۈشۈكتىن قورقامدۇ؟! — دەپتۇ.

دېگەندەك، ھېلىقى مۈشۈك ئۇنىڭغا سوركەلگىنىچە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىززەت- ئىكرام بىلەن:

—— ياخشىمۇ سىلى رەئىس! — دەپ سالام بېرىپتۇ.

چاشقانچاق داڭقېتىپ قاپتۇ. مۈشۈك يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن خۇشاللىقتا چۆمگەن چاشقانچاق:

—— ئاتا، بۇزادى قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

—— ھىم، — دەپتۇ چاشقان، - ئۆتكەن ھەپتە بۇ ئەبلەخلەر چاشقان تۇتۇش جەمئىيىتى قۇرماقچى بوپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ راسخوتى يېتىشمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئوغرىلىغان بېلىق قېقىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا ئىئانە قىلدىم. نەتىجىدە، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپەمنىڭ چوڭلۇقىدىن مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ قالدىم...

# ئۈچ مۈشۈك بىلەن بىر ئىت

بىر ئاشلىق ئامبىرىدا ئون ئالتە چاشقان ياشايدىكەن. بۇ ئامبارنىڭ خوجايىنى چاشقانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۈچ مۈشۈك تېپىپ كەپتۇ.

ئەمما ئۈچ كېچە- كۈندۈز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، چاشقانلار يەنىلا شۇ پېتى تۇرىۋېرىپتۇ.

خوجايىن ئەجەبلىنىپ مۈشۈكلەردىن:

—— سىلەر نېمىشقا چاشقان تۇتمايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

—— قانداق تۇتقۇدەكمىز، - دەپتۇ مۈشۈك، - چاشقان ئون ئالتىكەن، بىز ئۈچكەنمىز، ئۈچ يەردە بەش ئون بەش بولسا، قالغان بىرسىنى كىم تۇتىدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن قالغان مۈشۈكلەر بۇ گەپكە قوشۇق سايپتۇ:

—— شۇنداق ئەمەسمۇ، بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا، چاشقان تۇتۇش تەسكە چۈشىدۇ.

شۇ ئارىلىقتا خوجايىنغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىت بىر چاشقاننى كۆرۈپ قېلىپ، ئېتىلىپ بارغىنىچە ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

مۈشۈكلەر تەئەججۈپ قىلىپ سەكرىشىپ، ئىتقا كەينى- كەينىدىن:

—— قالتىس بولدى، ھەقىقەتەن قالتىس بولدى! بۇ قىيىن مەسىلىنى بىزگە ئاسانلا ھەل قىلىپ بەردىڭ! — دەپتۇ. ئىت مۈشۈكلەرنىڭ ئۆزىنى ماختاۋاتقانلىقىغا قاراپ، ھايت- ھۇيت دېگۈچىلا يەنە بىر چاشقاننى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

—— سېنىڭ بۇ قىلىقىڭ قەستەنگە چاتاق تېپىپ بەرگەنلىكقۇ؟- دەپتۇ ھېساب- كىتابقا ئۇستا ھېلىقى قارا مۈشۈك، — ئۈچ يەردە تۆت ئون ئىككى، يەنە ئىككىسى ئارتۇق بولۇپ قالدى، بۇرۇن بىرلا چاشقان ئارتۇق ئىدى، مانا ئەمدى تېخىمۇ چاتاق بولدى، ئىككىسى ئېشىپ قالدى!

شۇنىڭ بىلەن ئۈچ مۈشۈك ئىتنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، يەنە ئىككى چاشقان تۇتمىساڭ بولمايدۇ، دەپ تۇرىۋاپتۇ.

خوجايىن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئىتنىڭ بېقىنىغا بىرنى تېپىپ:

—— سەن بىرلا چاشقاننى تۇتساڭ بولمىدىمۇ، نېمىشقا يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ ئىككىنچىسىنى تۇتۇپ يۈرۈيسەن؟ - دەپتۇ.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# دار ئېسىشتىكى مازارلار

نۇرمۇھەممەت زامان

مازار دېگەن بۇ ئاتالما ھەرقايسى جايدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر خىل سۆز بىلەن ئومۇملاشتى. بەزى جايدىكىلەر قەبرىستانلىق دېسە، بەزى جايدىكىلەر زاراتگاھلىق دەيدۇ. يەنە بەزەن جايلاردا بولسا، تۇپراق بېشى، قەبرە بېشى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. مەيلى قايسى خىل ئاتالما قوللىنىلسۇن، كىشىلەر بۇ سۆزلەردىن ئىنساننىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دەپنە قىلىنىدىغان مۇقەددەس ئورۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

مازارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن، شۇنىڭدەك مازار دەپنە قىلىش يوسۇنى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. مەملىكىتىمىز تارىخچىلىرى بۇ ھەقتە خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇرغان. «ۋېينامە»دە قاڭقىلارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتى مۇنداق يېزىلغان. «ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىشتا يەرچۇ (قەبرە) كولايدۇ. جەسەتنى قوللىرىدا ئوقيانى كېرىپ تۇرغان ۋە قىلىچ ئاسقان ھالەتتە، خۇددى تىرىكتەك جابدۇپ يەرلىكتە ئولتۇرغۇزۇپ، كۆممەي ئۈستىنى ئوچۇق قويىدۇ». «قەدىمكى زاماندا ئۆلگەن ئەر بىلەن تىرىك خوتۇننى ئۆلۈملۈك قىلىپ بىللە كۆمۈش، شۇنىڭدەك ئۆلگەن كىشىنىڭ ھايات چېغىدا ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىدىن ئۆلگىلەرنى بىللە كۆمۈش ئادىتى بولغان. نىيە ۋە چاقىلىق، مىرەن قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە بىللە كۆمۈلگەن ئەر-ئاياللارنىڭ جەسەتلىرى چىققان». ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى مۇرەككەپلەشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتالغان بەزى قوۋملار دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا دىندىكىلەر شەكىللەندۈرگەن ئادەت- يوسۇنلارنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مازار ۋە دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. روبرۇك «شەرققە ساياھات» ناملىق خاتىرىسىدە: «ئۇيغۇرلار جەسەتنى ئوتقا دەپنە قىلىدىكەن، يەنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى مۇنار ئۈستىدىكى خانىگە قويۇپ قويىدىكەن» دەپ يازغان. مۇھەممەد ئىبنى خاۋەنشاھ «رەۋزە تۇسسافا» دېگەن كىتابىدا تۈركىي مىللەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ: «كىشى ۋاپات بولسا، جامائەت يىغىلىپ جەسەت ئەتراپىدا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرەتتى» دېگەن. مېيىتنى كۆيدۈرۈش بۇددا دىنى ئارقىلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا تارقالغان. بۇ خىل دەپنە قىلىش ئادىتى تاكى ئىسلامىيەتكىچە داۋاملاشتى. قاراخانىيلار دەۋرىدە قەبرە كولاپ جەسەتنى يەرگە دەپنە قىلاتتى، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن نەزىر- چىراغ، دۇئا- تىلاۋەت قىلىش ئادىتى رەسمىيلەشكەن. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «خان، بەگلەر ئۆلسە، ئۇنىڭ يەرچۇسى (قەبرىسى)غا بالبا (تاش ھەيكەل) تىكلەيتتى. بەزى بالباللارغا ئۆلگۈچىنىڭ تەرجىمىھالى ئويۇلاتتى. ئۇلار ھايات چېغىدا قىلغان جەڭلىرىدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قانچە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، يەر چۇسىنىڭ چۆرىسىگە شۇنچە تاش تىزىپ قويۇلاتتى» دەيدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن تەرىقەتچى سوپى- ئىشانلارنىڭ كۈچلۈك دىنىي تەرغىباتلىرى ۋە ئۇرۇش- تالاشلىرىدىن كېيىن، مازار بىر مەزگىل سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق جايغا ئايلاندى. بۇ بىر مەزگىللىك ئەسەبىيلىك دولقۇنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەمەلىيەت كىشىلەرگە مازار —— ئۆتكەنكى دەۋرنى، ھەرقايسى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان جاي، ئەۋلادلار ئەجدادلارنىڭ گۈزەل غايىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىرادىسىنى تىكلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان جاي، ھايات ياشاۋاتقانلارنىڭ چىن ئىنسانلىق پەزىلەتكە مۇخالىپ كېلىدىغان زوراۋانلىق، زالىملىق، ئادالەتسىزلىك، ئىنساپسىزلىق، خەسىسلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى چەكلىشى ۋە بۇ خىل ئىللەتلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خالىي بولۇشىغا دەۋەت قىلىدىغان جاي، ئادالەتلىك، دىيانەتلىك، مېھىر- شەپقەتلىك، دوستانىلىق قاتارلىق ئېسىل ئەخلاقىي- پەزىلەتكە باي ئادەملەردىن بولۇش ئېڭىنى تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان، رىغبەتلەندۈرىدىغان جاي، شۇنداقلا ھاياتنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقىنى ھەممىشەم كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان جاي، دېگەن چۈشەنچىنى ئاتا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر ھەر يىلى بىر كېلىدىغان ھېيت، ئايەم كۈنلىرى تۇپراق بېشىغا چىقىشنى ئۈزلۈكسىز ئادەت قىلدى. بۇ بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلىنىپ داۋاملىشىپ، مازارنى بەلگىلىك تارىخىي يادىكارلىق قىممىتىگە ئىگە قىلدى. بىز كۆرگەن مازارلار ئاساسەن دېگۈدەك، توپا قاتلاملىرى قورۇق، شورلۇق، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ھاۋالىق جايلار، چوڭ يول بويلىرى، ئۆستى تۈپتۈز كەتكەن دۆڭ ۋە تۆپىلىك يەرلەرگە جايلاشقان. چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقى بۇنىڭ تىپىك پاكىتى بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىق چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى توغراقلىق يېزىسى، زاغۇنلۇق كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئېگىز، قۇم، ئۇششاق شېغىل، تۇز قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان تۆپىلىككە جايلاشقان. بۇ ئادەت بىزگە ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ھازىر قەدىمكى مازارلار چۆل- جەزىرىدە، قۇم دۆۋىلىرى ئىچىدە، ئېگىز دۆڭلەر، ئادەملەرنىڭ قەدەمى يەتمەيدىغان ياكى كىشىلەر بارالمايدىغان جايلاردا ساقلىنىپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ھەققىدىكى قىزىقارلىق رىۋايەتلەر، ھېكايىلەر، تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ماتېرىياللار خەلق ئىچىدە تاكى بۈگۈنگىچە زىكرى قىلىنىپ كەلمەكتە. قەدىمكى مازارلار ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم مازارلار بىلەن تونۇشساق بىز بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

### ئوقۇر مازار

ئوقۇرمازار مارالبېشى ناھىيىسى چاھارباغ يېزىسىنىڭ شەرقىگە يەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان تاغنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان. تاغدىكى ئورەكنىڭ نېرىدا تۇرۇپ قارىسا، تاقىلانغان ئاتنىڭ تۇيىقى ئويۇپ چۈشكەندەك كۆرۈنىدۇ. تۇپراققا سانچىلغان خادىغا ھايۋانلارنىڭ قويرۇقلىرى، مۈڭگۈزلىرى، رەڭلىك لاتا پارچىلىرى ئېسىلغان. لاتا پارچىلىرى شامالدا يوپۇرماقتەك يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە، ئىسلام دىنى شىددەت بىلەن شەرققە قاراپ تارقالغان چاغلاردا، غازاتچىلار قوشلارنىڭ تومشۇقىغا ئوخشاپ قالغانلىقى تۆپەيلى، تارىختا تومشۇق دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ جايغا كەلگەنمىش. ئۇ چاغلار بارچۇقتا بۇددا دىنى ئاساسىي دىن ئىكەن. ئىسلام غازاتچىلىرى كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتكەن بۇددا دىنىي مۇرىتلىرى بىلەن ئېلىشىپ، قانلىق جەڭ قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن غازاتچىلار قوربان بولغانمىش. ئۇرۇش تولىمۇ كەسكىن بولغاچقا، ھەزرىتى ئېلى دۇلدۇلىنى مىنىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ جەڭگە چىققانمىش. بۇددا مۇخلىسلىرى تىرپىرەن بولۇپ كېتىپتۇمىش. ئاتنىڭ تاقىسى شەكىللىك ئورەك ھەزرىتى ئېلى مىنگەن دۇلدۇلنىڭ تۇياق ئىزىمىش. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇن ساي دۇلدۇل بوغۇز يېگەن ئوقۇرمىش. مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ نامى ئوقۇرمازار دەپ ئاتىلىدىغان بولغانمىش.

### چارباغ مازىرى

چارباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى بۇ مازار تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى سوپى- ئىشانلارنىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئېلى بۇ يەرگە ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ كېلىپ، قاتتىق جەڭ قىلغانىكەن. جەڭدە شېھىد بولغان سەركەردە، باتۇرلىرى بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. بۇ مازارنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە داڭقى بار. ھەر يىلى بارات- ئايەمدە مارالبېشى، تومشۇق، مەكىت، يوپۇرغا، قەشقەر، ئاقسۇ، ئاۋات قاتارلىق جايلاردىكى نەچچە مىڭلىغان ئىشان مۇخلىسلىرى مازارغا كېلىپ ياغلىق قاپاق كۆيدۈرۈپ، تاڭ ئاتقۇچە گۈلخان يېقىپ، نەزىر- چىراغ بېرىپ شېھىتلەر روھىغا دۇئا- تىلاۋەت قىلىشىدىكەن.

### غاز- غۇز مازار

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆسەن بەگلىكى بىلەن ئوردۇكەنت بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى بەلدىڭ دېگەن جايدا توقۇنۇشۇپ قېلىپ، بىر ئايدەك ئۇرۇش بوپتۇ. جەڭدە ئىككى تەرەپتىن لەكمىڭ ئەسكەر ئۆلۈپتۇ. ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەچكە جەسەتلەر سېسىپ چىرىشكە باشلاپتۇ، قاغا- قۇزغۇنلار بەلدىڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتتەك قاپلاپ كېتىپتۇ. رو چىۋىنلەر كۈنسايىن ئاۋۇپ كېتىپتۇ. چىۋىننىڭ غاز- غۇز ئاۋازى ئادەملەرنى بىزار قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاينى غاز- غۇز مازار دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپتۇ.

### زاھىت مازار

توققۇز سارايىنىڭ شىمالىدىكى سەنەم تېغىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بۇتخانىدا چويۇنباش بۇقا دەپ نام ئالغان بىر زاھىت ئىستىقامەت قىلغانىكەن. زاھىت ئۆزىنىڭ ھەر خىل ماھارەت- ھۈنەرلىرى بىلەن ئەلگە تونۇلغانىكەن. ئۇنىڭ بىر قىز، بىر ئوغلى بار ئىكەن. زاھىت بالىلىرىغا ئۆز ماھارىتىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئۇستا چامباشچىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپتۇ. ئوغلى بىر مۇشت ئاتسا، مۇشتى تەگكەن يەر تېشىلىپ كېتىدىكەن. قىزى لەپپىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا قىلىچ ئوينىتىپ، رەقىبىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋېتەلەيدىكەن، شۇڭلاشقا ئادەملەر زاھىتنىڭ ئوغلىنى «ئالماس تەنلىك قۇش»، قىزىنى «شەپەرەڭ» دەپ ئاتىشىدىكەن، زاھىت ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەنگە بوزەك بولمايدىكەن، زوراۋانلارنىڭ پۇقرانى بوزەك قىلىشىغىمۇ يول قويمايدىكەن. قەيەردە ناھەقچىلىك، زوراۋانلىق يۈز بەرسە، شۇ يەردە خورلانغان، بوزەك قىلىنغانلارنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىدىكەن. بىر كۈنى بۇ ئۈچەيلەن دەريا بويىدا بېلىق تۇتۇۋاتسا، بىر توپ لەشكەر، بىر مۇنچە قىزلارنى ھەيدەپ كېلىپ بوزەك قىلغىلى تۇرۇپتۇ. زاھىت دەرھال بالىلىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ھەش- پەش دېگۈچە لەشكەرلەرنى يەر چىشلىتىپتۇ، قىزلارنى ئازاد قىلىپ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ. يەنە بىر كۈنى ئۇلار يولدا قاراقچىلارنىڭ سودا كارۋانلىرىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىۋاتقانلىقىغا ئۇچراپ قاپتۇ. سودىگەرلەر يالۋۇرسىمۇ پەرۋا قىلماپتۇ. ئەكسىچە ئۇلارنى سۇرۇپ، قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپتۇ. بۇ ئىشتىن غەزەپكە كەلگەن زاھىت ئائىلىسى قاراقچىلارنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپتۇ. سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆز قولىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. سودا كارۋىنى بۇ باتۇرلارغا كۆپتىن- كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئېيتىلىشىچە، بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر زاھىت 87 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتى سەنەم تېغىنىڭ بىر ئېگىز دۆڭگە دەپنە قىلىنىپ، كىشىلەر بۇ جاينى «زاھىت مازار» دەپ ئاتىشىپتۇ.

### قىزلار مازىرى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقى قىسمىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمى بويىغا جايلاشقان، جەنۇبى تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى، شىمالى تەرىپى كەلپىن ناھىيىسى بىلەن توتۇشۇپ تۇرىدىغان شاقۇ (شامال چىققاندا قۇم سوغا ئوخشاش شارقىراپ ئاقىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان) ئورمانچىلىق مەيدانىدىن ئالاھەزەل 14 كىلومېتىر يىراقلىقتا كىچىككىنە بىر زاراتگاھلىق بار. كىشىلەر بۇ جاينى مۇقەددەس بىلىدۇ، ھەمىشەم بۇ يەرگە كېلىپ نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزىدۇ، ئايەم كۈنلىرى ئەرۋاھلار روھىغا دۇئا قىلىشىدۇ. بۇ زاراتگاھلىق 1986- يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن رەسمىي ئەنگە ئېلىنغان. رىۋايەتلەردە بۇ جاينىڭ تارىخى خېلى قىزىقارلىق بايان قىلىنىدۇ. بۇ مازارغا 40 نەچچە قىزنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغانىكەن. تەبىئىي ئاپەت —— بوران- چاپقۇن، يامغۇر- يېشىن، كەلكۈن زەربىسىدىن قەبرىلەرنىڭ چەت- چۆرىلىرى ئېچىلىپ قالغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈستى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن. ئېچىلىپ قالغان يەرلىرىدىن قەبرە ئىچىدىكى تاۋۇت ياغاچلىرى، جەسەت يۆگەلگەن ماتا، قۇرۇغان سۆڭەكلەر كۆرۈنۈپ قالغان. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قىزلارنىڭ كىچىكى سەككىز ياش، چوڭلىرى 18 ياشلاردا ئىكەن. جەسەتلەر ئىچىدىكى بىر قىزنىڭ سول قولى يوق، بىرىنىڭ كاللىسى يوق... بەلكى ئىستېلاچىلار شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ۋەھشىيلىك

بىلەن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەندە چېپىپ تاشلانغان بولۇشى مۇمكىن. قىزلارنىڭ شۇ قىيامەت كۈنىدىكى داد- پەريادى، ۋارقىرىغان، چىرقىرىغان ئاۋازلىرى زېمىننى قاپلاپ، قوم بارخانلىرى، توغراق ئورمانلىرى، يۇلغۇن داللىرىغا سىڭىپ كەتكەن. شاقۇدا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىرمۇ جىمجىتلىق باسقان كېچىلەردە بۇ مازاردىن ئۆتكەنلەر، يولۇچىلار، كارۋانلارغا قىزلارنىڭ ئازابتىن يىغا- زار قىلىشقان، چىرقىرىغان، ئاتا- ئانىلىرىنى چاقىرغان، نالە- زار قىلىشقان ئاۋازلىرى ئېنىق ئاڭلىنىدىكەن. بۇ قىزلار ئېھتىمال مۇشۇ تەۋەدىكى پىچاق سۇندى، دەرۋازا ئالدى قاتارلىق يېزىلاردىن بولۇشى مۇمكىن.

بەزىلەر بۇ يەرنى «قىزلىرىم» دېسە، بەزىلەر «قىرلىق مازار»، «ماتا مازار» مۇ دېيىشىدىكەن. شۇنىڭدەك بۇ مازارنىڭ يۈز يىل بۇرۇنقى تۇڭگان سوقۇشىدا پەيدا بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىشىدىكەن. بۇ يەردە سالجىلار ئادەملەرگە زىيان- زەخمەت يەتكۈزىدىغان بولغاچقا ئاھالە ياشىمايدىكەن ھەم كىشىلەرمۇ قونمايدىكەن.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىپ، تەسىر دائىرە تالىشىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقلىرى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىگە ھېسابسىز ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇرۇش، جەڭگى- جېدەللەر ۋە ئېغىر قىسمەتلەر مىللىي ئۆچمەنلىكنى، مىللىي قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاشۇ ئەنسىز يىللاردا تاشكەنتلىك مۇھەممەت ياقۇپبېك قوشبېگى قەشقەرنى ئىدارە قىلدى، ئۇ يەنە ئالتە شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى پىلانلىدى. يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن مارالبېشىغا ئەسكەر تارتىپ باردى. ئاتاقلىق تارىخچى ھەم شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ قاتناشقۇچى شاھىدى موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنغان: «مارالبېشى شەھرىدە تۇڭگان ۋە مۇسۇلمانلار بولۇپ ئۈچ مىڭ ئادەم بار ئىدى. بۇ جايدىكى تۇڭگانلار كۇچارلىق خوجاملارغا ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلىپ، مۇسۇلمانلار گورۇھىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن كۈن ئېلىپ تۇرغانىدى، بۇلار قوشبېگى قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرۋازىلارنى مەھكەم ئېتىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جەڭگە تەييارلاندى. ئاندىن ئىككى تەرەپ بىر ھەپتە جەڭ قىلىشقاندىن كېيىن، قوشبېگىنىڭ قوشۇنلىرى لەخمە كولاپ دورا قويۇپ، ئوت قويۇپ بەردى. بۇ سېپىلنىڭ بىر تەرىپىنى بۇزۇپ ئاسمان قەھرىگە كۆتۈردى. ئاندىن لەشكەرلەر چاپسان يۈگۈرۈپ شەھەرنى پەتھى قىلدى، ئەجەل بىلەن ۋەدىلەشكەنلىرى كەتتى. ئەجەل يەتمىگەنلەر ساق قالدى. قوشبېگى ساق قالغان تۇڭگانلار ۋە مۇسۇلمانلارغا مادالىيې دېگەننى باش قىلىپ، ھەممە تۇڭگانلارنى كاشغەرگە يولغا سالدى ... بۇ ۋەقە تارىخ ھىجرى 1283- يىلى رەببىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئىككىنچى كۈنى (مىلادىيە 1866- يىل 7- ئاينىڭ 15- كۈنى) يۈز بەرگەنىدى». ئۇرۇشتا ياقۇپبېك قوشبېگىنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن بىھۇدە قازا قىلغان قېرىنداشلىرى، سەبداشلىرىنىڭ ئەلىمىدە ۋۇجۇدىدا ئىنتىقام يالقۇنى يالقۇنلىغان تۇڭگان ئەسكەرلىرى شاقۇغا يېتىپ كەلگەندە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرىپ تاشلىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. چۈنكى تۇڭگانلار كېيىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ياقۇپبېك قوشبېگى ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغان. چاناپ تاشلانغان قىزلار مۇشۇ ئەتراپتىكى پىچاق سۇندى، دەرۋازا ئالدى قاتارلىق يېزىلاردىن بولۇپ، ئاتا- ئانىلىرى قاچقاندا ئۆيلىرىگە قارايدىغانغا قارانچۇق بولغان قىزلار بولغان بولۇشى مۇمكىن. قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى، يۇرتداشلىرى يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن قايتىپ كېلىپ، بۇ پاجىئەنى كۆرگەن ۋە قىزلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ مۇشۇ جايغا دەپنە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق پەرەز بار، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي قىزلار مازىرى دەپ ئاتىلىپ قالغان.

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# پادىشاھ تۆمۈرنىڭ ئوغلى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا تۆمۈر دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى قەھرىمان، كەنجىسىنىڭ ئىسمى جەمشىد ئىكەن. قەھرىمان ناھايىتى ئەقىللىق، بىلىملىك چوڭ بولۇپتۇ. جەمشىد بولسا، ئويۇن- تاماشىدىن باشقىغا قىزىقمايدىغان شوخ ئادەم بولۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ تۆمۈر كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئوردىدىكى ۋەزىر- ۋۇزرالار پادىشاھنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى ئوغۇلنىڭ قايسىسىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەش توغرىسىدا كېڭەش ئېلىپ بېرىپتۇ. بىر بۆلۈك ۋەزىرلەر چوڭ ئوغلى قەھرىماننى كۆرسىتىپتۇ. بىر بۆلۈك ۋەزىرلەر كىچىك ئوغلى جەمشىدنى كۆرسىتىپتۇ. ئاخىر ۋەزىرلەر پادىشاھ كىچىك ئوغلىغا ئامراق ئىدى، ئۇنى پادىشاھ قىلساق، مەرھۇم پادىشاھىمىزنىڭ روھى خۇش بولىدۇ، دەپ كىچىك ئوغلى جەمشىدنى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئۇ پادىشاھلىقتا ئولتۇرۇپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئويۇن- تاماشا، ئەيش- ئىشرەت بىلەن بولۇپ خەلققە كۆپ غەم- ئەندىشىلەرنى كەلتۈرۈپتۇ. ئاخىر جەمشىدنى پادىشاھلىقتىن قالدۇرۇپ چوڭ ئوغلى قەھرىمان پادىشاھلىقنى ئۈستىگە ئاپتۇ. ئۇ خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، يۇرتنى ئوبدان باشقۇرۇپتۇ. پادىشاھلىقتىن قالغان جەمشىدنى خالايىق شەھىرى ھىندىستانغا پالاپتۇ. جەمشىد ھىندىستاندا غېرىبچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر ئىشرەتخانىدىن ئىش تېپىپ ئىشلەپتۇ. ئۇ ئىشرەتخانىدا يۈرۈپ، قىمارۋازلارنىڭ قىمار ئوينىغانلىقىنى كۆرۈپ قىمار ئويناشنى ئۆگىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ بىر ئويناپ باققۇسى كېلىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ لەيلىۋەش دېگەن بىر داڭلىق سودىگەر بىلەن قىمارغا چۈشۈپتۇ. جەمشىدنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، سودىگەرنىڭ قىرىق قېچىر مېلىنى ئۇتۇۋاپتۇ. بۇ سودىگەرنىڭ تىكىدىغان باشقا مېلى قالماي ئاخىر ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى تىكىپتۇ. جەمشىد سودىگەرنىڭ خوتۇنىنىمۇ ئۇتۇۋاپتۇ. بۇ ناھايىتى چىرايلىق ئايال بولۇپ، جەمشىد ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى بەختلىك ياشاپتۇ. جەمشىد بارغانچە باي بولۇپ، ھىندىستان بويىچە ئەڭ ئالىي ئىمارەتلەرنى سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ھىندىستان پادىشاھى شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈپ جەمشىدنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئايۋاندا ئولتۇرغان ئۇنىڭ ئايالىغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ- دە، ئاشىق- بىقارار بولۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىگە ئۇ ئايالنىڭ تېگى- تەكتىنى ئېنىقلاپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر جەمشىدنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ پادىشاھقا مەلۇم قىلىپتۇ. پادىشاھنىڭمۇ جەمشىد بىلەن قىمار ئويناپ باققۇسى كېلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى ئۇتۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. پادىشاھ جەمشىدنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. پادىشاھ:

— ئاڭلىسام سەن قىمار ئويۇنغىلى ئامراق ئىكەنسەن، ئىككىمىز بىر ئويناپ باقامدۇق؟ — دەپتۇ.

جەمشىد:

— ئۆزلىرى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قىمار ئويناش ھەددىم ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ:

— بولدى، تارتىنما، كەل ئوينايمىز، — دەپ قىمار ئويناشنى باشلاپتۇ. ئۇلار بىر كېچە- كۈندۈز ئويناپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئايالىنى ئۇتۇش ئويىدا تۇرسۇن،

ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنىمۇ جەمشىدكە ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. جەمشىد ھىندىستان پادىشاھلىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئەسلىدىكى پادىشاھنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ. جەمشىد خەلقىنىڭ ھالىغا يېتىپ، يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ. ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەھرى رىمنىڭ پادىشاھى جەمشىد پادىشاھقا «قىمار ئويناپ ھىندىستان پادىشاھلىقىنى ئۇتۇۋاپسىز، بۇ ئادىللىق بولماپتۇ. ئەگەر پادىشاھلىقنى ئۆتكۈزۈپ بەرمىسىڭىز، سىز بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن» دېگەن مەزمۇندا ئەلچىلەردىن نامە ئەۋەتىپتۇ. جەمشىد پادىشاھ ۋەزىردىن مەسلىھەت سورىغانىكەن، ۋەزىر رىم پادىشاھلىقىغا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. ياخشىسى پادىشاھلىقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىرى تۈزۈكمىكىن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان جەمشىد كۈچ توپلاپ، لەشكەرلەرنى يىغىپ رىمغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا ئالدىنى بىر دەريا توسۇپتۇ. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە رىم لەشكەرلىرى جايلاشقانىكەن. جەمشىد پادىشاھ لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ بەش يۈز كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتۈپتۇ. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئۇرۇشۇپ ئاخىر ھىندىستان پادىشاھى جەمشىد رىم پادىشاھىنى قوشۇنلىرى بىلەن شەھرى رىمغا قوغلاپ بېرىپ ئۇلارنى يېڭىۋاپتۇ. رىم شەھرىدە بىر داڭلىق چاھارباغ بولۇپ، شەھەر خەلقى پادىشاھ جەمشىدنى بۇ چاھارباغقا باشلاپ دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇرۇشتا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن جەمشىد ئەيش- ئىشرەت قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندا ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغان رىم پادىشاھى قاچقۇن لەشكەرلىرىنى يىغىپ جەمشىد پادىشاھ تۇرۇۋاتقان باغنى قورشاپ باستۇرۇپ كىرىپتۇ. جەمشىد قېچىپتۇ. رىم پادىشاھى جەمشىدنى قوغلاپ دەريا بويىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ جەمشىد ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ھىندىستانغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، تويۇقسىز نېپال دۆلىتىدىن كەلگەن ئون مىڭ كىشىلىك لەشكەرلەر جەمشىد پادىشاھنىڭ يولىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىپ جەمشىد پادىشاھنى ئەسىرگە ئېلىۋاپتۇ. بۇ خەۋەر دەرھال ھىندىستان خەلقىگە تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئايالى ئېرىمنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئەرەنچە ياسىنىپ سودىگەر قىياپىتىدە نېپال دۆلىتىگە بېرىپتۇ. ئۇ نېپال پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈپ جەمشىد ۋە قالغان بەش يۈز لەشكەرنى بەش يۈز مىڭ تىللا ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ ھىندىستانغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇ ھىندىستانغا كېلىپ تەختتە ئولتۇرۇپ، قايتىدىن كۈچ توپلاپ، ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھازىرلاپ رىم پادىشاھى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپتۇ. ئۇ زاماندا ئاتقا ئېگەر توقۇماي مىنىدىغان ئىش بار ئىكەن. جەمشىد پادىشاھنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېرىپ كاسىسى ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن پات- پات دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. جەمشىد چۆللەردىن ئۆتۈپ بىر كەنتكە كىرسە بىر ناۋاي بىر كاساڭدا خېمىر يۇغۇرۇپ تۇرغۇدەك، ئۇ ناۋايدىن بىر ئۇزۇم خېمىر سېتىۋېلىپ ئاتنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ خېمىر ئۈستىگە مىنىپتۇ. خېمىر ئاتنىڭ دۈمبىسىدە مىجىلىپ خۇددى ئېگەرگە ئوخشاش بولۇپ قاپتۇ. جەمشىد پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ئەقىل ئىشلىتىپ ئاتقا ئېگەر، ئېشەككە توقۇم ئىشلىتىشنى ئويلاپ تېپىپتۇ. يەنە يول يۈرۈپ بىر يەردە كېتىپ بارسا ئوششاق بالىلارنىڭ ئارغامچا ئارقىلىق ئىلەڭگۈچ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتقا ئېگەر توقۇپ مىنگەندە پۇت قويغىلى ئۈزەڭگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. بالىلارنىڭ شوينا ئارقىلىق ئېغىزلىرىغا يوگەن سېلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاتقا يوگەن سېلىشنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ رىم پادىشاھى بىلەن جەڭگە چۈشۈپ نۇرغۇن دىشۋارچىلىق تارتىپتۇ. ئايالىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۇزاق يوللارنى بېسىپ رىم شەھرىگە قايتا بېرىپ قاتتىق جەڭ قىلىپتۇ.

ئۇلار شۇ يەردە شۇنداق جەڭ قىلىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى باشقا يەردىن ئاڭلايلى، رىم شەھرىگە يېقىن بىر شەھەردە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ماھىرە ئىكەن. بۇ قىزغا بىر دىۋە ئاشىق ئىكەن. دىۋە بۇ قىزنى پادىشاھنىڭ چاھار بېغىدىن ئەپقاچقانىكەن. بۇ دىۋە بۇ قىزنى چۆللەردە، تاغلاردا

كۆتۈرۈپ يۈرىدىكەن. شۇنداق يۈرۈپ رىم شەھىرىگە يېقىن بىر جايغا كەلسە بىر گۈمبەز كۆرۈنۈپتۇ. بۇ گۈمبەزدە بارلىق پادىشاھلارنىڭ ئىسمى بىلەن سۈرىتى ساقلانغانىكەن. دىۋە بۇ گۈمبەزدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا ھېلىقى قىز دىۋىدىن گۈمبەزگە كىرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دىۋە ئىلاجىسىز مەلىكىنى كۆتۈرۈپ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. گۈمبەزنىڭ ئىچىدە بىر تەخت بار بولۇپ، مەلىكىنى تەختنىڭ ئۈستىدە قويۇپتۇ. مەلىكە تەختتە ئولتۇرۇپ پادىشاھلارنىڭ سۈرىتىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، جەمشىد پادىشاھنىڭ سۈرىتىگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ دىۋىدىن:

—— بۇ قايسى دۆلەتنىڭ پادىشاھى؟ —— دەپ سوراپتۇ.

—— بۇ ھىندىستاننىڭ پادىشاھى، ئۇ ھازىر رىم پادىشاھى بىلەن مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا جەڭ قىلىۋاتىدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دىۋە. مەلىكە دىۋىگە ئەركىلەپ:

—— سىز ماڭا ھەقىقىي ئاشىق بولسىڭىز، ئاشۇ جەمشىد پادىشاھنى ئالدىمغا كەلتۈرۈڭ، ئۇنى بىر كۆرۈۋالاي، —— دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ دىۋىنىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرغان بولسىمۇ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ بىر قويۇن چىقىرىپلا جەمشىدنى ئۇرۇش مەيدانىدىن گۈمبەز ئىچىگە پەيدا قىلىپتۇ. مەلىكە جەمشىدنى كۆرۈپ ھاڭ- تاڭ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپتۇ. مەلىكە جەمشىدتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپتۇ. جەمشىد بولسا يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇرۇپتۇ. چۈنكى ئۇ دىۋىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىكەن. شۇنداق قىلىپ جەمشىد گۈمبەزدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا جەمشىدنىڭ ئايالى جەمشىدنى جەڭ مەيدانىدىن تاپالماپتۇ. ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىراغچىلارغا قارىتىپ ئۇنىڭ گۈمبەزدە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ- دە، لەشكەرلەرنى باشلاپ گۈمبەزگە كەپتۇ. ئۇلار گۈمبەزگە كىرىپ قارىسا جەمشىد تۇرغۇدەك، لېكىن دىۋە جەمشىدنى ئۇلارغا بەرمەپتۇ. جەمشىدنىڭ ئايالىغا ھېلىقى مەلىكە:

—— ئەگەر سىز مېنى مۇشۇ دىۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالسىڭىز، ئېرىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، —— دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىپتۇ. دىۋىنىڭ تۆت يۈز قوشۇنى بار ئىكەن. دىۋە ئۇلارنى يېڭىۋاپتۇ. ئاخىر جەمشىدنىڭ ئايالى مۇزات دەيدىغان بىر پالۋاننى باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار ئۈچ كېچە- كۈندۈز تۇتۇشۇپتۇ. دىۋە بولالماي قاپتۇ. دىۋە ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىگە كۆزى يېتىپ:

—— بولدى، مەن يېڭىلدىم، مەلىكىنى سىلەرگە بېرەي، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، —— دەپ يالۋۇرۇپتۇ. جەمشىدنىڭ ئايالى:

—— سەن يېڭىلدىڭ، ئەمدى سەن بىز تەرەپكە ئۆتۈپ بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا قوشۇلۇپ جەڭ قىلىپ بىزگە خىزمەت كۆرسەت، ئاندىن سېنى ئازاد قىلىمەن، —— دەپتۇ. ئاندىن دىۋىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان مەلىكىگە:

—— سىزمۇ جەمشىدكە ئاشىق ئىكەنسىز، بوپتۇ، بىز ئىككىلىمىز ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولايلى، — دەپ ھەممەيلەن جەڭ مەيدانىغا كېلىپتۇ. جەمشىد پادىشاھنىڭ قوشۇنى بارغانچە زورىيىپ رىم پادىشاھنى يېڭىپتۇ. خەلق ئۇنى رىم ۋە ھىندىستانغا پادىشاھ قىلىپ رەسمىي تەيىنلەپتۇ. ئۇ ئىككى يۇرت خەلقىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ قىرىق كېچە- كۈندۈز توي بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنى نۇرغۇن مۇشكۈلچىلىكلەردىن قۇتۇلدۇرغان قىماردا ئۇتتۇۋالغان ۋاپادار ئايالىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىپتۇ. كىچىك مەلىكىمۇ جان- دىلى بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپتۇ. جەمشىد پادىشاھ پادىشاھلىقنى ئادىل يۈرگۈزۈپ كېيىنكى ئۆمرىنى بەخت- سائادەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ.

توپلىغۇچى: **مەتتۇرسۇن ئەسرۇللا** (خوتەن شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

www.uyghurkitap.com

# كېرىيە ئاياللىرىنىڭ تەلپىكى ۋە پەرىجىسى ھەققىدە رىۋايەت

بۇرۇن كېرىيىدە كۆكچى ئەيىار دەيدىغان بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئاي يۈزلۈك، بۇلاق كۆزلۈك، سەرۋى قامەتلىك، خۇلقى نازاكەتلىك، پەم- پاراسەتلىك بىر قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ بەزىبىر قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە شۇ قىزىنى ئەقىل كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوشنا مەملىكەت پادىشاھى دەقىيانۇس قىزغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. كۆكچى ئەيىارى «قىزىم كىچىك ئىدى» دەپ ئەلچىلەرنى ياندۇرۇپتۇ. چۈنكى دەقىيانۇس پادىشاھ زالىملىقى بىلەن داڭق چىقارغان، ئاجىز پادىشاھلىقلارنى بۇلاش بەدىلىگە دەريا بويىدا يەتتە تاش ئالتۇن تۈگمەن ماڭدۇرغان ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ياۋۇز دەقىيانۇس قاتتىق غەزەپلىنىپ، كۆكچى ئەيىارغا لەشكەر تارتىپ كەپتۇ. ئىككى پادىشاھلىق، «مارجانلىق» دېگەن جايدا شۇنداق قاتتىق جەڭ قىپتۇكى، ئايهاي! قىلىچ- نەيزىلەرنىڭ ئۇرۇلغان، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، غالىب لەشكەرلەرنىڭ «ئۇر- چاپ!» دېگەن ئاۋازلىرى جاھانغا بىر كەپتۇ. دەقىيانۇس غەلىبە قىلىپ، كۆكچى ئەيىار چېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ. دەقىيانۇس كۆكچى ئەيىار پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكىرىسىگىچە بېسىپ كىرىپتۇ ۋە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. كۆكچى ئەيىار: «قىزىمنى قەتئىي بەرمەيمەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەقسىتىگە يېتەلمىگەن دەقىيانۇس: «بۇ مەملىكەتتىكى پۈتۈن ئەرلەرنى قىرىپ تۈگىتىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ ۋە ئون ئىككى ياشتىن يەتمىش ئىككى ياشقىچە بولغان بارلىق ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ. يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ ئۇچرىغانلىكى ئەرلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپتۇ. دەقىيانۇس پادىشاھنىڭ كۆزىگە قان تولۇپتۇ. ئەرلەرنى چېپىۋېرىپ زېرىككەن زالىم شاھ ئەرلەرنى ئادەمنىڭ بېلىدەك تومۇقتىكى تاغ سەگۇسى سېلىنغان كەڭرى بىر مەيدانغا يىغىپ ئەكىلىپ، مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سەگۇدىن بىرىنى، سول تەرىپىدىكى سەگۇدىن بىرىنى باغلاپ يادەك ئەگدۈرۈپتۇ. ئېگىلگەن سەگۇلەرنىڭ بىرىگە تۇتقۇنلارنىڭ ئوڭ پۇتىنى، بىرىگە سول پۇتىنى باغلاپ، ئېگىلگەن سەگۇلەرنى قويۇپ بېرىپتۇ. سەگۇلەر تۈزلەنگەندە تۇتقۇنلار قاق ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە بولۇپ جان بېرىپتۇ. پۇقرالار قان- قان يىغلاپ جەسەتلەرنى يەرلىكىدە قويۇپتۇ. دەقىيانۇس سەگۇنى ئېگىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن يەر «ئەگىلە» دەپ ئاتىلىپتۇ (بۇ ھازىرقى كۆكيار يېزىسىنىڭ ئەگلە كەنتى ئىمىش).

بۇ چاغدا شاھنىڭ تەدبىرلىك مەلىكىسى مەملىكەتتىكى ئېرىدىن ئايرىلغان تۇل ئاياللارنى يىغىپ ئۇلارغا جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپتۇ ۋە بىر قوشۇن تەييارلاپتۇ. مەلىكە جەڭ مەيدانىدا كىيىش ئۈچۈن بارلىق ئاياللارغا بىردىن تون تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇ توننىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ياقىسىدىن تاكى ئېتىكىگىچە چىلتەك تۇتۇلغان، ئوڭ-سول مەيدىسىگە توققۇز تالدىن، جەمئىي ئون سەككىز دانە تارغاق شەكىللىك كەشتە چىقىرىلغان ئىكەن. بۇ توننىڭ رەڭگىنىڭ قارا بولۇشى ئاياللارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئەرلىرىگە تۇتقان قارىلىقى ئىكەن. ياقىسىدىن- ئېتىكىگىچە تۇتۇلغان چىلتەك- «ئادەمدە جان بىر» دېگەنلىك ئىكەن. مەيدىسىدىكى ئون سەككىز دانە تارغاق بولسا — «ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسى ئون سەككىز تال» دېگەن مەنىدە ئىكەن. مەلىكە باشچىلىقىدىكى ئاياللار قوشۇنى ھېلىقى تونىنى كىيىپ، «جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز» - دەپ تۈۋلىغىنىچە جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

نەتىجىدە دەقىيانۇسنى مەغلۇپ قىلىپ شېھىت بولغان ئەرلىرىنىڭ قىساسىنى ئاپتۇ. جەڭدىن كېيىن مەلىكە دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بوپتۇ. مەلىكە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن شاھلىق تاجىنى خۇددى كىچىك پىيالىگە ئوخشاش ياسىتىپ كىيىپتۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاياللارغا ئۆزىگە ئوخشاش تاج كىيىش، جەڭدە كىيگەن توننى ھەر دائىم كىيىپ تۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

مەلىكە كىيگەن ھېلىقى تاج ھازىرقى كېرىيە ئاياللىرىنىڭ بېشىدىكى كىچىك تەلپىكى ئىكەن. جەڭدە كىيگەن تون بولسا، ھازىرقى مەيدىسىدە ئون تۆت تال تارغىقى بار كېرىيە پەرىجىسى ئىكەن. كېرىيىلىكلەردىكى «جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ھەنىپخان ياغ**

توپلىغۇچى: **ئېزىز قاسىم** (كېرىيە ناھىيە توغرىغاز يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

مۇھەررىرى: **ئەسقەر مەخسۇت**

# ئىككى چۆچەك

## «يۈزى قېلىن ئادەم»

قەدىمكى زاماندا گۈزەل جەننەتتەك مۇقەددەس ماكان— تەكلىماكان دىيارىدا ئادالەتپەرۋەر، پۇقراسىغا غەمگۇزار ۋە مېھرىبان بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ زاماندا ئادەم ئادەمنىڭ پېيىنى قىرقىيدىغان، بىر- بىرىگە ئورا كولايدىغان، زۇلۇم- سىتەم، زوراۋانلىق، ناھەق ئىشلار يوق ئىكەن. پادىشاھ يامانلارنى قاتتىق جازالاپ، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپاھ بولىدىكەن، پۇقرالار غەم- غۇسسىز، ئاسايىشلىقتا ياشايدىكەن.

پادىشاھ بىر كۈنى ئوڭ قول ۋەزىرىگە:

—— شەھەرنى تەكشۈرۈپ «يۈزى قېلىن ئادەم» دىن تېپىپ كەل، تېپىپ كېلەلمىسەڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، —— دەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بېشىغا تاغدەك غەم چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ۋەزىر ئۆيدىكىلەرگە تىنماي، پۇقراچە كىيىنىپ، ئەتىگەندىن- كەچكىچە شەھەرنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە ئالا قويماي ئىزدىسىمۇ، «يۈزى قېلىن ئادەم»نى تاپالماپتۇ. ئۇ ئۆز- ئۆزىگە: «شاھ يۈزى قېلىن ئادەمنى تاپ دەيدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ يۈزى گۆش تۇرسا، يۈزى قېلىن ئادەمنى قانداق ئايرىغىلى بولىدۇ؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن! قاراپ تۇرۇپ جېنىمدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم- دە» دەپتۇ. پادىشاھ بەرگەن مۆھلەتتىن پەقەت بىر كۈنلا قاپتۇ. ۋەزىر بىر- بىرىدىن ئوماق پەرزەنتلىرىنى، بەختلىك ئائىلىسىنى ئويلاپ ئۆزىنى باسالماي ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ گۈزەللىكتە ئاي بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان ئىنتايىن ئەقىللىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ ھۇجرىسىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرۇپ دادىسىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. قىز ھەيران بولۇپ دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

—— ئي مېھرىبان ئاتا، سىزگە نېمە غەم كەلدى، نېمىشقا مۇنچە ئىزتىراپلىق يىغلايسىز؟ —— دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر قىزىغا پادىشاھنىڭ «يۈزى قېلىن ئادەم»نى تاپ دەپ ئەمر قىلغانلىقىنى، تاپالمىسا جېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىزى:

—— ئي ئاتا، سىز پادىشاھنىڭ ئەمرىنى چۈشەنمەپسىز، پادىشاھنىڭ يۈزى قېلىن ئادەم دېگىنى يېڭى توي قىلغان قىز- يىگىتنىڭ ئۆيىگە كېلىۋېلىپ، ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇۋالغان ئادەمدۇر. سىز ئەتە سەھەردە ئۆزىڭىزنىڭ ۋەزىرلىك تونىڭىزنى كىيىپ، شەھەرگە چىقىپ كىملەرنىڭ يېڭى توي قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈڭ، شۇلارنى تاپسىڭىز «يۈزى قېلىن ئادەم»لەرنى ئوڭايلا تاپالايسىز، —— دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. ۋەزىر قىزىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەتىسى كوچىغا چىقىپ كىشىلەردىن كىملەرنىڭ يېڭى توي قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. كىشىلەر شەھەرنىڭ جەنۇبىي خالتا كوچىسىغا جايلاشقان بىر قورۇدا يېڭى توي قىلغان قىز- يىگىتنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋەزىر شۇ قورۇغا كىرسە، ناھايىتى كىچىك ئىككى ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. يىگىتنىڭ ئاتا- ئانىسى يىراق سەھرادىن ئوغلىنىڭ تويىنى تەبرىكلەپ بىر كەلگەنچە ئۇدا بىر ئايغىچە ئۆيىگە قايتماي، ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ، قىز- يىگىتنىڭ تار ھۇجرىسىدا قىستىلىپ يېتىۋالغانىكەن. ۋەزىر دەرھال ئوردىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ «يۈزى قېلىن ئادەم»نى تاپقانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە ياساۋۇلدىن ئۈچىنى قوشۇپ ھېلىقى قورۇغا ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر يىگىتنىڭ ئاتا- ئانىسىدىن قاچان كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، ۋە:

—— سىلەر پەرزەنتىڭلارنى ئايىماي، ئۇلارنى قىيناپ، خىجىل قىلىپ، بۇ تار ئۆيدە يېتىۋاپسىلەر، سىلەر ئەڭ

يۈزى قېلىن ئادەم ئىكەنسىلەر، شەھىرىمىزدە يۈزى قېلىنلارغا ئورۇن يوق، —— دەپ، شاھنىڭ ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن قالماي دەرھال ماكانىغا قايتىپ كېتىش كېرەكلىكى، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئوردا ھەپسىخانىسىغا قاملىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرمانىنى يەتكۈزۈپتۇ. يىگىتنىڭ ئاتا- ئانىسى كۆدە- كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ دەرھال شەھەردىن چىقىپ غايىب بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز- يىگىت ئەركىن نەپەس ئېلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەردە «يۈزى قېلىن ئادەم»لەر تۈگەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرىدىن يۈزى قېلىن ئادەمنى قانداق تاپقانلىقىنى سوراپتۇ. ۋەزىر قىزنىڭ ئەقىل كۆرسەتكىنىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ دانىشمەن قىزغا ئاپىرىن ئەيلەپ، ئۇنى ھەرەمگە باش كېنىزەك قىلىۋاپتۇ.

## قان ئىچكۈچىگە ئۇچراش

بۇرۇنقى زاماندا، سۇلىرى شەربەت، تۇپىسى ئالتۇن بىر خىلۋەت ماكاندا ئاق كۆڭۈل، ساددا لېكىن نادان بىر جامائەت ئۆتكەنىكەن. بۇ يۇرتتا يىلدىن- يىلغا يامانلار كۆپىيىپ، ھەددىدىن ئېشىپ خائىن، چېقىمچىلار باش كۆتۈرۈپ، ئوغرى- يانچۇقچىلار يامراپ كېتىپتۇ. يۇرت پۇقرالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ناقابىل، ئىقتىدارسىز كۆرۈپ، خاندىن ئۆزلىرىگە پۇقراپەرۋەر، ئادىل، ئىقتىدارلىق بىر كىشىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ يۇرتنى ئەمىن، پۇقرانى باي قىلىپ بېرىشنى سوراپ ئەرزقىلىشىپتۇ.

خان ئۇلارغا تىلى شېكەر، دىلى زەھەر، ھىيلە- مىكرىسى تولا، جىنىنى ئۇسسۇلغا سالىدىغان، كىشىگە تويدۇرماي ھارۋىدا توشقان ئالىدىغان بىر قارا نىيەتنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. بۇ ھاكىم ئولتۇرغان جايىدىكى تۇپىنى كاپ قىلىپ قويىدىغان، يەپ تويمايدىغان، توخۇ تۇخۇمى دېسە جېنىنى بېرىدىغان بىر ئاچ كۆز كىشى ئىكەن. ئۇ ھاكىم بولۇپلا يۇرتقا ئۈستى- ئۈستىلەپ تۇخۇم سېلىقى سېپتۇ. يىغىلغان تۇخۇملارنى كېچە- كۈندۈز يەپ، ئېشىپ قالغانلىرىنى ئۇرۇق- تۇغقان، دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. بەزىدە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن پۇقرالارنى ئۆزئارا كاللا سوقۇشتۇرۇپ، جېدەلگە سېلىپ قويۇپ كۆڭلىنى خوش قىلىدىكەن. ھاكىم ئۇزۇلدۇرمەي ئۈستى- ئۈستىگە تۇخۇم سېلىقى سېلىۋېرىپتۇ. كىشىلەر تۇخۇم سېلىقى تاپشۇرالماي جېنىدىن جاق تويۇپتۇ. بۇ ئاچ كۆز ئەجدىھانىڭ كاساپىتىدىن يۇرتتا تۇخۇم دېگەن نەرسە قۇرۇپ كېتىپتۇ. يۇرت ئەھلى يەنە خانغا بۇ مەنسەپدارنى ئېلىپ تاشلاپ، باشقا بىر كىشىنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىشنى سوراپ ئەرز قىلىشىپتۇ. خان بۇ قېتىم يەنە بىر كىشىنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. بۇ ھاكىم ھەسەلنىڭ قىلىنى ئىلغايدىغان، تۆگىنى يۈكى بىلەن يۇتىدىغان، ئاغزى قانلىق بىر زالىم ئىكەن. ھاكىم كىچىكىدىن توخۇ گۆشىگە ئىنتايىن ئامراق ئىكەن. شۇڭا ئۇ بۇ يۇرتقا كېلە- كەلمەيلا خەلققە توخۇ سېلىقى سېپتۇ. پۇقرالار ھاجىتىمىزدىن چىقار، دەپ بېقىۋاتقان توخۇلىرىنى كۆزى قىيمىغان ھالدا بېرىپتۇ. ھاكىمنىڭ كۆھىقاپتەك قارنى ئارام ئالماپتۇ. كۈندىن- كۈنگە توخۇ سېلىقى سېلىۋېرىپتۇ. يۇرت- ماكانلىرىدىكى توخۇ- تۇمانلىرىنى پاك- پاكىز قۇرۇتۇپ بوپتۇ. خەلق زۇلۇمنىڭ قاتتىقلىقىدىن تاغ- جاڭگاللاردىكى ياۋا توخۇ، جىگدىچى، پاختەك، قۇشقاچ، تورغايلارنىمۇ سېلىققا تۆلەيمىز دەپ تۇتۇپ قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. خەلق ئېغىر زۇلۇمدا تالقاندەك يانچىلىپتۇ. ئۇلار ئۆز نادانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپتۇ. ئۇلار بىر- بىرىگە: «بىز قەسەم ئىچكۈچىنى يامان دەپ، قان ئىچكۈچىگە ئۇچراپتىمىز، باشتىكى ھاكىم تۇخۇمنى قۇرۇتسىمۇ، تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇلىرىمىزغا تەگمىگەنىدى. بۇ ھاكىم تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىغان توخۇلىرىمىزنى نەسلىدىن قۇرۇتۇۋەتتى» دېيىشىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **نىياز ئاخۇن، ئابلەت نورۇز**

توپلىغۇچى: **توختى ئوبۇلقاسىم** (ئاپتونوم رايونلۇق كىنو- فىلىم تارقىتىش، قويۇش شىركىتىدىن)

مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

# ئاينۇرى ئەپەندى ۋە ئۆمەر

(ماراكەش خەلق چۆچەكى)

بۇرۇنقى زاماندا سەلىم ئىسىملىك ئون ياشلىق بىر بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇ دادىسى، ئانىسى ۋە ئاينۇرى ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە ماراكەشتىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرىدىكەن. ئاينۇرى ئەپەندى ناھايىتى ئەدەپلىك بىر تەخەي بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىدە ئاي نۇرىغا ئوخشايدىغان ئاق تۈك بار ئىكەن.

بىر كۈنى سەلىم دادىسىنىڭ يەر ئاغدۇرۇشىغا ياردەملىشىپتۇ.

سەلىمنىڭ دادىسى ئارغامچىنى مۇرىسىگە سېلىپ سايان سۆرەپ ناھايىتى ھېرىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرغاندا سەلىم:

—— دادا، ئەگەر ئاينۇرى ئەپەندى سىزنىڭ ئورنىڭىزدا يەر ئاغدۇرغان بولسا، سىز خېلى يېنىكلەپ قالاتتىڭىز — ھە! —— دەپتۇ.

دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

—— شۇنداق، شۇنداق قىلساق كۆپ يېنىكلەپ قالاتتۇق، بىراق بۇ تەخەي سايان سۆرىيەلمەيدۇ، —— دەپتۇ.

سەلىم ئاينۇرى ئەپەندىنىڭ سايان سۆرىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ئاينۇرىنى ئېلىپ كەپتۇ.

سەلىمنىڭ دادىسى ئارغامچىنى ئاينۇرى ئەپەندىنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپ سۆرەم ساپتۇ. سەلىم:

—— تارت، ئاينۇرى ئەپەندى تارت، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئاينۇرى ئەپەندى كۈچەپ تارتىشقا باشلاپتۇ. بىراق، سايان گاھى سىيرىلىپ كېتىپ، گاھى يەرگە قادىلىپ قاپتۇ. يەر چوڭقۇر ئاغدۇرۇلمىغاچقا، ئورۇق چاچقىلى بولمايدىكەن. دادىسى سەلىمگە:

—— ئوغلۇم، بىلدىڭمۇ، ئۇ بىر ياخشى تەخەي بولسىمۇ، لېكىن يەر ئاغدۇرغۇدەك كۈچى يوق، ياخشىسى ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىۋەتكىن، —— دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، سەلىم بىلەن دادىسى يېزا بازىرىغا بارماقچى بوپتۇ. ئۇلار يېزىغا يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز تۆگە بازىرىدىكى ۋاراڭ- چۇرۇڭنى ئاڭلاپ قاپتۇ. سەلىم ۋە دادىسى دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپ زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئەسلىدە مۇستافا ئىسىملىك بىر تۆگىچى تۆگىسىنى باشقۇرالماي ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇۋاتقانىكەن. تۆگە ئالدى پۇتلىرىنى كېرىپ، بويىنىنى بىر سوزۇپ، بىر يىغىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ مۇستافاغا قاراپ يىنلىرىنى چاچرىتىپتۇ.

—— بىچارە تۆگە، —— دەپتۇ سەلىم يۇقىرى ئاۋازدا،—— مۇستافا تۆگىنى ئۇرۇۋاتىدۇ!

—— تۆگە بىچارە ئەمەس، مۇستافا بىچارىكەن،— دەپتۇ سەلىمنىڭ دادىسى، —— تۆگە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ!

شۇ چاغدا تۆگە تۇيۇقسىز مۇستافاغا ئېتىلىپ ئۇنى چىشلىۋاپتۇ. مۇستافا قورققىنىدىن قاتتىق ۋارقىراپ سەكرەپ كېتىپتۇ. تۆگە قاتتىق بوزلاپ مۇستافانى قوغلاپتۇ.

—— قۇتقۇزۇڭلار! —— مۇستافا تۇشقاندەك سەكرەپ قېچىپ، —— بۇ تۆگە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، —— دەپ ۋارقىراپتۇ.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى مازاق قىلىپ بىرەرىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلماپتۇ. سەلىم ھايۋانلارغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. شۇنداقلا ھايۋانلارنى قانداق قىلىپ ياۋاشلىتىشنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ مۇستافاغا:

—— مەن سىزنى قۇتقۇزىمەن، —— دەپلا تۆگىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ تۆگىنىڭ ئۆزىنى يېقىتىپ دەسسىۋېتىشىنى، ھەتتا چىشلىۋېلىشىنىمۇ ئويلىماپتۇ.

ئۇ تۆگىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ چۇلۇكىنى بارلىق كۈچى بىلەن تۆۋەنگە تارتىپ توختىتىپتۇ. ئاندىن تۆگىنىڭ بويىنىنى يېنىك سىلاپ، قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپتىكەن، تۆگە شۇئان تىنچلىنىپتۇ.

تۆگىنىڭ تىنچلانغىنىنى كۆرگەن مۇستافا

قېچىشتىن توختاپ كەينىگە يېنىپ كەپتۇ ۋە سەلىمگە:

—— ئەگەر سەن بولمىغان بولساڭ مەن ئۆلگەن بولاتتىم! بۇ تۆگە —— ئۆمەر مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئەمدى بۇ تۆگىنى ھېچ ئادەم سېتىۋېلىشنى خالىمايدۇ. ھەتتا بىكارغا بېرىۋېتەي دېسەممۇ ھېچكىم ئالمايدۇ، —— دەپتۇ.

—— ئۇنداقتا ئۇنى ماڭا بېرىۋەتكىن، —— دەپتۇ سەلىم تاقەتسىزلەنگەن ھالدا، —— مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

مۇستافا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ. سەلىم مۇستافاغا رەھمەت ئېيتىپ دادىسى بىلەن تۆگىنى ئېلىپ قايتىپتۇ. يولدا دادىسى تەخەيىنىڭ كەينىگە تۆگىنى چېتىپ، ئۆزى تەخەيگە مىنىپتۇ، سەلىمنى تۆگىگە مىندۈرۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە سەلىم يەنە دادىسى بىلەن يەر ئاغدۇرۇشقا چىقىپتۇ. سەلىم تۇيۇقسىز دادىسىغا:

—— دادا، ئۆمەر چوڭ، كۈچلۈك بولغاندىن كېيىن چوقۇم يەر ئاغدۇرالايدۇ، —— دەپتۇ.

دادىسى بېشىنى چايقاپ:

—— تۆگە يۈك توشۇيالايدۇ، يەر ئاغدۇرالمايدۇ، — دەپتۇ. لېكىن سەلىم ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئارغامچىنى تۆگىنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپ، تۆگىگە:

—— ئۆمەر، تارت، تارت! —— دەپ ۋارقىراپتۇ. دەسلەپتە ئۆمەر غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپتۇ. پۇتلىرىنى پەقەتلا مىدىرلاتماپتۇ. سەلىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ. تۆگە تىنچلىنىپ ساپاننى سۆرەشكە باشلاپتۇ. ئاغدۇرۇلغان يەرمۇ چوڭقۇر بوپتۇ.

سەلىم خۇشاللىقىدا:

—— دادا، ئۆمەر يەر ئاغدۇردى! —— دەپ ۋارقىراپتۇ. تۆگە ئىككى تاپ يەر ئاغدۇرۇپتۇ. قايتىدىن تاپ بېشىغا كەلگەندە دادىسى:

—— بولدى، بىردەم ئارام ئالايلى، —— دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇلار ئۆمەرنىڭ ئاغدۇرغان ئىككى رەت تېپىغا قارىسا، خۇددى يىلاندەك ئەگرى- بۈگرى تۇرغىدەك.

—— كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم،— دەپتۇ دادىسى،— تۆگىنىڭ يەر ئاغدۇرالماسلىقىنىڭ سەۋەبى تۆگە ئاينۇرى ئەپەندىگە ئوخشاش تۈز ماڭالمايدۇ. چۈنكى ئاينۇرى ئەپەندى ماڭغاندا ئاۋۋال ئالدى سول پۇتى بىلەن ئوڭ كەينى پۇتىنى، ئاندىن ئوڭ ئالدى پۇتى بىلەن سول كەينى پۇتىنى ئېلىپ ماڭىدۇ. لېكىن، تۆگە ئالدىدا ئىككى سول پۇتىنى، ئاندىن ئوڭ ئىككى پۇتىنى ئېلىپ ماڭىدۇ، شۇڭا تۆگە خۇددى قولۋاقتەك ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ ماڭىدۇ. تۇيۇقسىز مېڭىشى ناھايىتى قىيىن.

سەلىم ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆمەرنى ئاينۇرى ئەپەندىنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ ۋە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تۈنۈگۈن ئۆمەرنىڭ ناھايىتى تەسلىكتە ئاينۇرى ئەپەندىگە ئەگىشىپ ماڭغانلىقىنى ئەسلەپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ بىر قولىدا ئۆمەرنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان تورۋىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا ئاينۇرى ئەپەندىنىڭ بويىنىدىن تۇتۇپ يېتىلىگىنىچە ئېتىزغا ئېلىپ كەپتۇ.

—— يەنە نېمە بولدى؟ —— دەپ سوراپتۇ دادىسى.

—— بىزنىڭ يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشىمىزغا قوشۇلامسەن، دادا؟ —— دەپتۇ سەلىم.

—— بولىدۇ، ئۆمەرنىڭ ئاچچىقى كەلمىگەن چېغىدا سىنىۋالغىن، —— دەپتۇ دادىسى.

سەلىم ساپاننىڭ بويۇنتۇرۇقىنى ئاينۇرى ئەپەندىنىڭ بويىنىغا ئارتىپ تۆگىنى ئۇنىڭ كەينىگە چېتىپتۇ ۋە:

—— ئۆمەر، تارت، ئاينۇرى ئەپەندى تارت، تارت!— دەپ ۋارقىراپتۇ. ئېشەك بىلەن تۆگە ئاستا- ئاستا مېڭىپتۇ. سەلىم ساپاننىڭ تۇتقۇچىنى مەھكەم تۇتۇپتۇ.

سەلىمنىڭ دادىسى ناھايىتى ھەيران بولغان ھالدا ئاغدۇرۇلغان تاپلارغا قاراپتۇ. تاپ ناھايىتى چوڭقۇر ھەم ئىنتايىن تۈز چىققانىدى.

سەلىم دادىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق جاپالىق ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

ئاينۇرى ئەپەندىمۇ بۇرنىنى سەلىمنىڭ مۈرىسىگە سۈركەپتۇ. سەلىم ئاينۇرى ئەپەندىنىڭ بويىنىنى يېنىك سىلاپتۇ ۋە ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا سىرلىق پىچىرلاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ماراكەشلىكلەر تەخەي ۋە تۆگە ئارقىلىق يەر ئاغدۇرىدىغان بولغانىكەن.

ئۆمەر رېشت، خۇرسەنئاي مەتىمىن تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: يۇسۇپ ئىسھاق

# چىلانتورۇق ئات

(لاتۋىيە خەلق چۆچەكى)

بۇرۇن بىر قورۇق خوجايىنى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن رەھىمسىز ئادەم ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستىنلا قولىغا يوغان كالتەكنى ئېلىپ يىللىقچىلارنى ئېتىزغا ئىشقا ھەيدەيدىكەن. ئارقىدىن ئۇ يىللىقچىلارنى تاماق يەيمىز دەپ ئىش ۋاقتىغا دەخلى قىلمىسۇن دەپ خوتۇنىنى ئېتىزغا ئەتىگەنلىك تاماق ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇيدىكەن. كۆپچىلىك ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئەمدىلا ئۇھ دېيىشكە قورۇق خوجايىنى قولىغا يوغان كالتەكنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ھازىر بولىدىكەن. ئۇلارنى بىردەممۇ بىكار قويمايدىكەن. چۈشتە ئۇلار يەنىلا ئېتىزدا غىزالىنىدىكەن. پەقەت كەچلىك تاماقنىلا كەنتكە قايتىپ يەيدىكەن، كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئامباردا جادۇ بىلەن ئوت توغرايدىكەن. كىم ئىشتا سۇسلۇق قىلسا قورۇق خوجايىنى ئاتنى ساۋايدىغان يوغان كالتەك بىلەن ئۇرىدىكەن. شۇڭا ئىشلەمچىلەر خوجايىننى كەينىدىن «كالتەكچى» دەپ چاقىرىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قېرى ئىشلەمچى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ ئىشتا سۇسلۇق قىلغانىكەن. «كالتەكچى» ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. بىچارىنىڭ كېچىچە پۇتى ئاغرىپ چىقىپتۇ. يەنە بىر ياش ئىشلەمچىنى ئىش ۋاقتىغا دەخلى قىلدىڭ دەپ كەچلىك تامىقىنى بەرمەپتۇ. ئۇ بالا ئاچ قورساق كېچىچە يىغلاپتۇ. بىر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىدا «كالتەكچى» ساپاننى ئاتقا سۆرەتمەي ئىشلەمچىلەرگە سۆرىتىپ يەر ئاغدۇرۇپتۇ. ئېتىزدىكى ئوت- چۆپلەر ھەم ئېگىز ھەم قويۇق بولغاچقا ئۇلار ساپاننى تارتىپ مىدىرلىتالماپتۇ. ئۇلار تېخىمۇ كۈچەپ تارتقانىكەن. ساپان سۆرەيدىغان كالا تېرىسىدىن ئېشىلگەن ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئىشلەمچىلەر يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئاخشىمى ئىشلەمچىلەر خوجايىندىن ساپاننى ئاتقا سۆرىتىشنى تەلەپ قىلغاندا خوجايىن:

—— ئاتنى سېتىۋەتتىم، چۈنكى ئادەم كۈچىنى ئىشلەتسەم ئاتنى ئىشلەتكەندىن ئەرزان توختايدىكەن. كىمكى ئىشلەشنى خالىمىسا ئەنە يول ئوچۇق، —— دەپتۇ- دە، سۆزىنى تۈگىتىپ كالتەكنى تۇتقان پېتى قورسىقىنى يومپايتقىنىچە كېتىپ قاپتۇ. خوجايىننىڭ بوي- بەستى ئېگىز ھەم دوغىلاق سېمىز بولۇپ يول ماڭغاندا بەئەينى بىر ياۋا ئاتقىلا ئوخشايدىكەن.

شۇ كېچىسى توپتوغرا بىر كېچە قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. شۇنداقلا چاقماق چېقىپ، هاۋا گۈلدۈرلەپ كېتىپتۇ. ئەمما ئىشلەمچىلەر بولسا تازا شېرىن ئۇخلىۋاپتۇ ھەمدە ھەممىسىلا ئوخشاش بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە تاغ ئىلاھى ھەسەن- ھۈسەننى يېپىنچاقلىغان ھالدا بىر چىلانتورۇق ئاتنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: «بۇ ئاتنى سىلەرگە بىر يىل ئىشلىتىشىڭلارغا بەردىم. بۇ ئات يەم- خەشەك يېمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېتىزدىكى ياۋا ئوت- چۆپلەرنى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى بەرسەڭلارلا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشنى ياخشى قىلمىسا، كالتەك بىلەن

www.uyghurkitap.com



ئورۇڭلار، بىراق ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ سالماڭلار!»

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىشلەمچىلەر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەمما «كالتەكچى» ئۇلارنى ئىشقا ھەيدەشكە كەلمەپتۇ. ئۇلارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، بىر چىلانتورۇق ئاتنىڭ ساپاننىڭ يېنىدا تۇرغانلىقى بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار چىلانتورۇقنى ساپانغا قېتىپتۇ. بۇ ئات كۈچتۈڭگۈر بولغىنى بىلەن ئىشنى ياخشى قىلماپتۇ. ئىشلەمچىلەر ئۇنى كالتەك بىلەن راسا ئۇرغانىكەن، ئۇ ياۋاشلىق بىلەن ساپاننى سۆرەپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىشلەمچىلەر بىر چىلانتورۇق ئاتقا ئىگە بوپتۇ. ئىشلەمچىلەر ئېغىر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتقا قىلدۇرۇپتۇ. قورۇق خوجايىنىنىڭ خوتۇنى گەرچە بۇ ئىشنى بىلگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئىشقىلىپ ئۇ ئات ئۆيىمىزنىڭ يەم- خەشىكىنى يېمىگەندىكىن، يەنە كېلىپ بىزگە ئىشلەپ بېرىۋاتقاندىكىن نېمە چاتىقىم، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بۇ ئاتنى ئىگىسىز ئات يا بولمىسا ياۋا ئات دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى بايقاپ، تۇساتتىن ئۇنىڭ ئىلگىرى: «يىراق بىر جايدىكى تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلمەكچى بولىۋاتىمەن» دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، «بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ قويماي كەتكىنىنى بۇنىڭ!» دەپ ئېرىدىن ئاغرىنىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ چىلانتورۇق ئات توپتوغرا بىر يىل ئىشلەپتۇ. ئىشلەمچىلەرمۇ بىر يىل ئارام ئېلىپتۇ. «كالتەكچى» ئۆيدە بولمىغاچقا ئۇلارنى ھېچكىم ئىشقا قوغلىماپتۇ. چىلانتورۇق بولغاچقا ئىشلەمچىلەر ئېغىر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا قىلدۇرۇپتۇ. ئات بىر ئاز سۇسلۇق قىلسىلا كالتەك يەيدىكەن.

باھار بايرىمىنىڭ بىر ئەتىگىنى خوجايىنىنىڭ خوتۇنى ھېلىقى چىلانتورۇق ئاتنىڭ كۆكتاتلىقتىكى يېسىۋىلەكلەرنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ غەزەپكە كېلىپ: «ھۇ ھايۋان، سەن تېخى يېسىۋىلەكلىرىمنى ئوغرىلىقچە يېيىشكە پېتىندىڭما. قارىغاندا سېنى راسا بىر ساۋاب قويمىسام بولمىغۇدەك» دېگىنىچە يوغان كالتەك بىلەن ئاتنىڭ پۇتىغا ئۇرۇپتۇ. ئات ئاغرىققا چىدىماي كىشنەپ كېتىپتۇ، ئەمما قاچماپتۇ. ئەكسىچە كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ. خوجايىنىنىڭ ئايالىنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن. ئۇ ئاتنى يەنە تىللاپ: «ئۇرسامىمۇ كەتمەيسىنا، قارىغاندا سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم بولغۇدەك» دەپتۇ. ئۇ كالتەك بىلەن ئاتنىڭ بېشىغا ئۇرغانىكەن، ئات بىردىنلا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. غەلىتە ئىش، كۆزىنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە چىلانتورۇق خوجايىنغا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە يېتىپ تىلىنى چايىنىغىنىچە:

—— خوتۇن، مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ ئازراق يېسىۋىلەكنى يەپ قويغىنىمغا قورسىقىڭ ئاغرىدىما؟ ساڭا دېسەم، مەن توپتوغرا بىر يىل ئاچ قالدىم. بۇ يېسىۋىلەك يوپۇرماقلىرى مەن ئىلگىرى يېگەن ئەڭ ئېسىل يېمەكلىكلەردىنمۇ تاتلىق تېتىپ كەتتى! —— دەپتۇ.

خوجايىنىنىڭ خوتۇنى كالتەكنى تاشلاپ قارىسا ئۇ ھەقىقەتەن ئېرى ئىكەن. ئۇنىڭ تىرناق، چاچ — ساقاللىرى ئۆسۈپ، پۈتۈن بەدىنى تىتما- تىتما، ئۇستىخانلىرى يىگىلەپ، كىيىملىرى جۇل- جۇل بولۇپ كەتكەنىكەن. خوجايىنىنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى يۇدۇپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قورۇق خوجايىنى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئىشلەمچىلەرنى بوزەك قىلىشقا پېتىنالماپتۇ.

(شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ئېلېكتر تېخنىكا فاكۇلتېتى ئېلېكترون كەسپى 98- يىللىق 2- سىنىپتىن) ساتتارجان غوپۇر تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# يۇمۇرلار

بىر بالا ئاغىنىسىگە:

—— مەن چوڭ بولسام ساقچى بولۇپ، دادامنىڭ ئىزىنى باسىمەن، —— دەپتۇ.

—— داداڭ ساقچىمۇ؟ - دەپتۇ ئاغىنىسى.

—— ياق، ساقچى ئەمەس، ئوغرى، - دەپتۇ بالا.

× × ×

بىر كىشى ئەتىگەندە ئورنىدىن ۋاقچە تۇرۇپ قاپتۇ- دە، ئىشقا كېچىكىپ قالماي، دەپ ئالدىراشلا بىر پۇتىغا قىشلىق ئاياغ، يەنە بىر پۇتىغا يازلىق ئاياغ كىيىپ ئىشقا مېڭىپتۇ. ئىشىكتىن چىقىشىغا بىر دوستى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىغا قاراپ:

—— ھەي، يەكپاي ئايلغ كىيىۋاپسەن، - دەپتۇ. ھېلىقى كىشى پۇتىغا قاراپ ھودۇققىنىچە يەنە ئۆيگە يۈگۈرۈپتۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن يەنە شۇ پېتى قايتىپ چىقىپتۇ.

—— ئايىغىڭنى ئالماشتۇرماپسەنغۇ؟ - دەپتۇ ئاغىنىسى.

—— ئۆيدىكىسىمۇ شۇنداقكەن، - دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

× × ×

بىر كۈنى چۈشلۈكى بىر ساقچى باشقىلارنىڭ ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرگەن بىر ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ:

—— كۈپكۈندۈزدىمۇ خەقلەرنىڭ ئۆيىگە كىرەمسەن؟ - دەپ بىر مۇنچە تەربىيە بېرىپ قويۇۋېتىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى يەنە شۇ ساقچى ھېلىقى ئوغرىنى يېرىم كېچىدە ئوغرىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋاپتۇ- دە، ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا:

—— يېرىم كېچىدە خەقنىڭ ئۆيىدە ساڭا نېمە بار؟ - دەپ ۋارقىراپتۇ. ئوغرىنىڭ ئۇنىڭدىن بەكرەك ئاچچىقى كېلىپ:

—— كۈندۈزدىمۇ كىرمىسەم، كېچىسىمۇ كىرمىسەم ئەمىسە قاچان كىرىمەن؟ - دەپتۇ.

× × ×

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىلەرنى يادلاش ئەۋجىگە چىقىپ كەتكەنىكەن. شۇ كۈنلەردە بىر كىشى ماگىزىنغا كىرىپ كېتىۋاتسا، ئىككى نەپەر قىزىل قوغدىغۇچى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

—— ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە يادلا، بولمىسا كىرمە! – دەپتۇ. ئۇ كىشى يادلاپ بېرەلمەي تەڭلىكتە قاپتۇ. شۇ چاغدا قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ بىرى:

—— مىلتىقتىن نېمە چىقىدۇ؟ (ئەسلىدە «مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ» دېگەن ئۈزۈندىنى سورىماقچى)، —— دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى ئىككىلەنمەيلا:

—— مىلتىقتىن ئوق چىقىدۇ، —— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× × ×

بىر سودا سارىيىنىڭ دىرېكتورى قولىقى تازا ياخشى ئاڭلىمايدىغان بىر ئادەمنى ئىستېمالچىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىش بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى بىر ئىستېمالچى شۇ سودا سارايدىن ئالغان توڭلاتقۇنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، پىكىر قوبۇل قىلىش بۆلۈمىگە كىرىپتۇ- دە، ھېلىقى خىزمەتچىگە توڭلاتقۇدىن چاتاق چىققانلىقىنى ئىنكاس قىپتۇ. لېكىن خىزمەتچى بۇ گەپنى خاتا چۈشىنىپ:

—— مەن ئالدىراش، توڭلاتقۇنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ بېرەلمەيمەن، باشقا ئادەم تېپىڭ،— دەپتۇ. ئىستېمالچىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭغا ۋارقىراپتۇ:

— قولىقاڭ پاكىز سىنىاڭ! مەن توكلانغۇنىاڭ چاتىقى بار ئىكەن دەۋاتىمەن!

خىزمەتچى بۇ گەپنى بىر ئاز چۈشىنىپتۇ- دە، خاپا بولغان هالدا:

— پاكلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ يەرگە نېمىشقا كىردىڭ؟ — دەپتۇ.

× × ×

بىر ئادەم قويچىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئاكا، نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

قويچى:

— تاڭەي، نەچچىگە كىرگەنلىكىمنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، — دەپتۇ.

— قانچە قويىڭىز بار؟

— ئالتە يۈز ئەللىك ئىككى قويۇم بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قويچى.

— قىزىقارلىق ئىش، نەچچە قويىڭىز بارلىقىنى ئۇقىدىكەنسىزيۇ، نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىڭىزنى نېمىشقا ئۇقمايسىز؟

— چۈنكى، يېشىمنى ئوغرى ئالمايدۇ- دە! — دەپتۇ قويچى.

× × ×

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىشىكتىن شوندلاق چىقسام، ئايال قوشنام ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كېتىپتۇ.

— نېمە بولدى؟ كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ كېتىپتىغۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— ئېرىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانىدى، كېچىچە ئۇنىڭغا قاراپ چىقتىم، — دېدى. مەن:

— بىمارلارنى كۈتىدىغان سېستىرالار يوقمىكەن؟ — دەپ سورىدىم هەيران بولۇپ.

— سېستىرالار بولغاچقىلا، ئېرىمغا بىر كېچە قاراپ چىقتىم.

× × ×

ئايالى: ئەرلەر هەقىقەتەنمۇ بىز ئاياللارغا مۇهتاج!

ئېرى: سىلەر بولمىساڭلارمۇ ياشىيالايمىز.

ئايالى: هوي، ئاددىيسى بىز ئاياللار بولمىساق ئىشتىنىڭلار يىرتىلىپ كەتسە كىم تىكىپ بېرىدۇ؟

ئېرى: ئەگەر دۇنيادا ئاياللار بولمىسا، ئىشتان كىيىشىمىزنىڭ نېمە هاجىتى!

× × ×

كېچىدە چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر ساقچى بىر كىيىم- كېچەك دۇكىنى ئالدىدىن بىر قوچاق ئەرلەر كىيىمىنى ئوغرىلاپ چىققان بىر ئوغرىنى تۇتۇۋاپتۇ — دە:

— بىر مۇنچە كىيىملەرنى ئوغرىلاپسەن، خوتۇن- باللىرىڭ باردۇ، شۇلارنى بولسىمۇ ئويلىساڭ بولمامدۇ، — دەپتۇ.

— ماڭا نېمە ئامال، بۇ دۇكاندا ئەرلەرنىڭلا كىيىمى بار ئىكەن ئەمەسمۇ، — دەپتۇ ئوغرى.

× × ×

بىر كۈنى بىر بالا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ قولىدىكى كىتابنى ئاپىسىغا كۆرسىتىپ:

— ئاپا، بۇ كىتابنى مۇئەللىم ماڭا مۇكاپات بەردى، — دەپتۇ.

— نېمە قىلغىنىڭغا مۇكاپات بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپىسى.

— مۇئەللىم «تۆگە قۇشنىڭ قانچە پۇتى بار؟» دەپ سورىغانىدى. مەن «ئۈچ پۇتى بار» دەپ جاۋاب بەردىم، — دەپتۇ.

ئاپىسى هەيران بولۇپ:

— تۆگە قۇشنىڭمۇ ئۈچ پۇتى بولامدۇ، خاتا جاۋاب بېرىپسەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— مەندىن باشقا ساۋاقداشلارنىڭ هەممىسى تۆت پۇتى بار، دەپ جاۋاب بەرگەن تۇرسا، — دەپتۇ بالىسى.

× × ×

بىر كىشى خوتۇنىغا:

— چىچىم قاپقارا تۇرىدۇ، ساقال- بۇرۇتۇمغا ئاق كىرىپ كەتكىنى نېمىسىدۇر؟ — دەپتۇ.

— سىز بىر ئۆمۈر قۇرۇق گەپ قىلىپ كالىلىڭىزنى ئىشلەتمىگەن تۇرسىڭىز، — دەپتۇ ئايالى.

توپلىغۇچى: **دىلمۇراد تەلئەت**

مۇهەررىرى: **خۇرشەنئاي مەتمىن**

# ئىككى مەسەل

## چېقىمچى بۆرىنىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا ئورمانلىق پادىشاھى شىر ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. شىرنى تۈلكىدىن باشقا ھەممە ھايۋانلار يوقلاپ كەپتۇ. شىرنى يوقلاپ كەلگەنلەر ئىچىدىكى بۆرە شىرغا:

— پادىشاھى ئالەم، قارىماسىز، بۇ تۈلكىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئەدەپسىزلىكىنى، بۇ ئۇنىڭ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە سەل قارىغانلىقى، سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇنلاشتىن باش تارتقانلىقى بولماي نېمە؟ سىزنىڭ بۇ قېتىمقى كېسەلىڭىزنى كۆرۈشكە تۈلكىدىن باشقا بارلىق ھايۋانلار كەلدى. ئەگەر سىز تۈلكىنى قاتتىق بىر ئەدەپلەپ، بۇنداقلارغا ئىبرەت قىلمىسىڭىز باشقا ھايۋانلار تۈلكىنىڭ بۇ ناچار قىلمىشىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋېلىپ، سىزگە ياندىغان، ئەمر- پەرمانلىرىڭىزغا بويسۇنمايدىغان بولىۋالىدۇ، ئۇ ھالدا ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، — دەپتۇ. بۆرىنىڭ بۇ خىل قۇتراتقۇلۇقى شىر پادىشاھقا تەسىر قىلىپتۇ ۋە بۆرىگە:

— تۈلكە دېگەن بۇ ھارامزادە ھوزۇرۇمغا كەلگەن ھامان سەن ئۇنىڭ قىلغان- ئەتكەنلىرىنى ماڭا ئەسكەرتىپ قوي، — دەپتۇ. بۇ گەپلەر بولغان سورۇندا ئاق كۆڭۈل توشقانمۇ بار ئىكەن. ئۇ دەرھال چىقىپ تۈلكىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ- دە، ئۇنىڭغا شىردىن قاتتىق پەخەس بولۇشنى جېكىلەپتۇ. تۈلكە بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن، توشقان تۈلكىگە بۆرىنىڭ شىرنىڭ ھوزۇرىدا تۈلكە توغرىلىق نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى، شىر پادىشاھنىڭ بۆرىگە نېمىلەرنى بۇيرۇغانلىقى قاتارلىقلارنى بىر- بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇلارنى ئاڭلىغان تۈلكە توشقانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئورمانلىقتىن بىر قىرغاۋۇلنى ئوۋلاپتۇ. تۈلكە شىر يالغۇز قالغان بىر پۇرسەتنى تېپىپ شىرنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا سالام قىلىپتۇ. شىر ئۇنىڭغا ھومىيىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— مەن ساقسىز بولۇپ قالسام، مېنى بارلىق ھايۋانلار يوقلاپ كەلدى، پەقەت سەنلا كەلمىدىڭ، سەن مېنى مەنسىتمەس، ياراتماس بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ — دەپتۇ. شىرنىڭ ئالدىدا تۇرغان تۈلكە قىلچە دۇدۇقلىماي:

— يوقسۇ تەقسىر، پېقىر سىلىنىڭ ئەرزىمەس قۇللىرىمەن. ئەينى چاغدا پېقىرغا سىلىنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغانلىقلىرى ھەققىدە خەۋەر كەلگەندە پېقىر ئەنسىرىگەنلىكىمدىن ھېچنېمىگە قارىماي كېسەللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تېۋىپ ئىزدەپ ماڭدىم. بىر تونۇش تېۋىپ بولىدىغان، بىز تۈلكىلەر ئۇنىڭ ناھايىتى ئۇستا تېۋىپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتۇق. پېقىر شۇنى ئەپكىلەي دەپ ئۆيىگە بارسام، ئۇ بالىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا ھوزۇرلىرىغا ھازىر بولالماي قالدى، پېقىر ئۇنىڭغا سىلىنىڭ كېسەللىك ئىپادىلىرىنى ئاڭلىغانلىرىم بويىچە دەپ بەردىم. ئۇ: «شاھ ئالىيلىرى بىر قىرغاۋۇلنىڭ گۆشىنى يېسۇن، قىرغاۋۇلنىڭ ئۆتىنى ئېلىپ، بۆرىنىڭ پاچىقىنىڭ قېنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەدىنىگە سۈرتسۇن ھەمدە بۆرىنىڭ پاچىقىنى بوينىغا ئېسىۋالسۇن. شۇندىلا ئالىيلىرىنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كېتىدۇ» دېدى. پېقىر ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئالىيلىرىغا بۇ قىرغاۋۇلنى ئەپكەلدىم، — دەپتۇ. تۈلكىنىڭ بۇ

سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شىر ئۇنىڭ گېپى بويىچە قىرغاۋۇلنى مەززە قىلىپ يەپ بەدىنىنى بىر ئاز يېنىكلىگەندەك سېزىپتۇ- دە، قىرغاۋۇلنىڭ ئۆتىنى ئاپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۈلكە خاتىرجەم ھالدا شىر بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۆرە شىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەپتۇ. بۆرىنى كۈتۈپ تۇرغان شىر بۆرە يېنىغا كېلىشكە ئۇنىڭ پاچىقىنى كاپلا قىلىپ چىشلەپ ئۈزىۋاپتۇ- دە، بۆرىنىڭ پاچىقىنىڭ قېنى بىلەن قىرغاۋۇلنىڭ ئۆتىنى ئارىلاشتۇرۇپ بەدىنىگە سۈركەپتۇ. قورقۇپ جېنى چىقاي دېگەن بۆرە بىر پۇتى ئۈزۈلگەن پېتى ئاقساقلاپ شىرنىڭ ئالدىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇ شۇ قاچقانچە يىراق بىر جايغا بېرىپ ئاغرىققا چىدىماي يەردە يۇمىلىنىپ ۋاي- ۋايلاۋاتقاندا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تۈلكە ئۇنىڭغا:

— ھەي قىزىل پاچاق مەخلۇق، شاھلارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگىنىڭدە تىلىڭنى يىغىپ يۈر، ئازراق مەنپەئەتنى دەپ باشقىلارنى يامان كۆرسىتىپ بىھۇدە چېقىمچىلىق قىلىشتىن ساقلان، بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىڭغا دەل سېنىڭ تىلىڭ سەۋەبچى بولغان، — دەپتۇ.

## خوراز بىلەن قارچىغا

بۇرۇنقى زاماندا خوراز بىلەن قارچىغا بىر مەزگىل دوست بولۇشۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارچىغا خورازغا:

— مەن ئۆمرۈمدە سىلەر خورازلاردىنمۇ بەكرەك ۋاپاسىز، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بىر جامائەتنى كۆرمىدىم، سىلەر خورازلار ناھايىتىمۇ ۋاپاسىز كېلىدىكەنسىلەر، — دەپتۇ. خوراز:

— ساڭا بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز يارىمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قارچىغا:

— مەن ئىنسانلارنىڭ سىلەرنى ئەتىۋارلاپ ياخشى يېمەكلىكلەرنى بېرىدىغانلىقىنى كۆردۈم، ھالبۇكى سىلەر ئۇلاردىن قېچىپ، ھەرگىزمۇ يېقىن يولىمايدىكەنسىلەر، ئۇلارنى خۇددى دۈشمەندەك كۆرىدىكەنسىلەر، بىز بولساق، ئىنسانلار بىزنى تۇتۇپ پۇتلىرىمىزنى باغلاپ، كۆزلىرىمىزنى تېڭىپ، كۈنلەپ- كۈنلەپ ئاچ قويىدۇ. كېيىن بىزنى قويىۋەتكەندە بىز گەرچە ئۇلار ھەرگىز يېتىپ بارالمايدىغان، بىزنى تۇتۇشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان يىراق جايلارغا كەتسەكمۇ، ئۇلار چاقىرغان ھامان يېنىدا ھازىر بولۇپ، ئۇلارغا ھەر خىل ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلارنى تۇتۇپ بېرىمىز، — دەپتۇ. قارچىغىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان خوراز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. قارچىغا ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كۈلىدىغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، خوراز:

— ھەي قارچىغا، مەن سېنىڭ بۇ قەدەر نادان، ساددىلىقىڭدىن ھەيرانمەن. ئويلاپ باققىنا، ئەگەر سەن ئۆز تۈپىڭدىن بولغان بىر تالاي قېرىنداشلىرىڭنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلۈپ، قاناتلىرى يۇلۇنۇپ، ئوتلارغا قاقلىنىپ كاۋاپ قىلىنىۋاتقانلىقىنى، قازانلاردا پىشۇرۇلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولساڭ، ئىنسانلار بىلەن بىللە تۇرارمىدىڭ؟ ئەلۋەتتە ئۇلار بىلەن بىر سائەتمۇ تۇرمايتتىڭ، مۇمكىن بولسا كۆكنىڭ قەرىگە ئۇچۇپ كېتەتتىڭ. ناۋادا سەنمۇ بىز كۆرگەن كۈنلەرنى بىر كۆرسەڭ ئاندىن ئىنسانلار بىلەن بىللە تۇرۇشنىڭ قىلچىلىك پايدىسى يوقلۇقىنى، خاتىرجەملىكنىڭ پەقەت ئۇلاردىن يىراق تۇرغاندىلا ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەتتىڭ، — دەپتۇ.

خورازنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن قارچىغا شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خورازنى ئەيىبلىمەيدىغان بوپتۇ.

«ئۇنۇۋانۇل بايان» ناملىق كىتابتىن تەييارلىغۇچى: **مەتىمىن تۇرسۇن**

مۇھەررىرى: **ئەسقەر مەخسۇت**

# جەھەننەمدىن كەلگەن خەت

(چۆچەك)

زامانلارنىڭ زامانىسىدا كۆرۈنگەن تاغنىڭ نېرىسىدا، كۆرۈنمىگەن تاغنىڭ بېرىسىدا بىر يۇرت بولغانىكەن. شۇ يۇرتتا بىر پالۋان ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۇۋلاپ كەلگەن ئۇۋلارنىڭ گۆشىنى خوتۇنى ۋە شىرزات ئىسىملىك بىر ئوغلى بىلەن يەپ، تېرىسىنى ئاشلىقققا تېگىشىپ كۈن كەچۈرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ پالۋاننىڭ ئوغلى ئىككى ياشقا كىرىپتۇ. پالۋان بىر كۈنى تۇرمۇشىنىڭ تولىمۇ تەسلىكتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باشقىچە بىر ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ ۋە ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئايالىغا ئېيتىپ:

—— ھەي خوتۇن، يېقىن ئەتراپتىن ئۇۋلاپ كەلگەن نەرسىلەر بىلەن كۈنىمىز تولىمۇ تەسلىكتە ئۆتۈۋاتىدۇ. سىلەرمۇ جاپا چېكىپ قىلىۋاتىسىلەر، مەن قارا تاغقا بېرىپ ئۇۋ ئۇۋلاپ كېلەيمىكىن، — دەپتۇ. ئايالى:

—— دادىسى، كونىلار «ئاز يەپ، ئاسان تىرىل» دەپتىكەن. ئۇ يەرگە بارمىسىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىمىز تېخى كىچىك، سىلى ئۆيدىن ئۇزۇن ئايرىلىپ كەتسىلە، مەن خاتىرجەم بولالمايمەن، ئۇ يەرگە بېرىشلىرىغا كۆڭلۈم زادى تارتمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ. پالۋان:

—— مەن ئۆزۈمنى پالۋان ساناپ يۈرگىنىم بىلەن ھازىرغىچە كۆڭلۈمدىكىدەك بىرەر قېتىم ئۇۋ ئۇۋلاپ باقماپتىمەن، بۇ نۆۋەت شۇ تاغقا بېرىپ ئۇۋ قىلىپ كېلەي، — دەپتۇ. بۇ چاغدا ئايالى ئامالسىز:

—— مەن ھەر قانچە گەپ قىلسام گەپ يېمىدىلە، ياخشىسى تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كەلسىلە، — دەپتۇ. پالۋان:

—— خاتىرجەم بولغىن، مەن ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن، — دەپ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ.

پالۋان يول يۈرۈپ ئاخىر ئۆزى كۆزلىگەن تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ تاغنىڭ قىرىدا كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت بىر ئېيىققا ئۇچراپ قاپتۇ ۋە چەبدەسلىك بىلەن ئوقياغا ئوق سېلىپ ئېيىقنى ئېتىپتۇ. ئوق ئېيىققا تېگىپتۇ. بىراق ئېيىق يىقىلماپتۇ. ئېيىق جان ئاچچىقىدا تاغۇ تاشلارنى تىترىتىپ ھۆركىرەپ پالۋانغا ئېتىلىپتۇ. پالۋان يېنىدىن شەمشىرىنى چىقىرىپ تەييار تۇرۇپتۇ. لېكىن ئېيىق ئېتىلىپ كەلگىنىچە بىرنى ئۇرۇپ پالۋاننىڭ شەمشىرىنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. پالۋان قۇرۇق قول ئېيىق بىلەن ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئېلىشا- ئېلىشا ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئېيىق پالۋاننى يىقىتىپ گۆشلىرىنى پاك- پاكىز يەپ كېتىپتۇ.

پالۋاننىڭ يولىغا قاراپ قالغان ئايالى ساقلاپتۇ-ساقلاپتۇ. لېكىن پالۋان قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

—— ئۇ ئۈچ كۈندە قايتىپ كېلىمەن، دەپ كېتىپ يەتتە كۈن بولدى، قايتىپ كەلمىدى. قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققى- ھۆرمىتى ئۈچۈن بالامنىڭ دادىسىنىڭ بىر خەۋىرىنى ئەكىلىپ بەرگەن بولسىلا، — دەپتۇ. قوشنىسى دەرھال ئۈچ ئوغلىنى چاقىرىپ:

—— سىلەر بېرىپ پالۋاننىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل قارا تاغقا كېلىپ، پالۋاننى ئۈچ كۈن ئىزدەپ ئاخىر ئۇنىڭ قۇرۇق ئۇستىخانلىرى ۋە قورال-ياراغلىرىنى تېپىپتۇ. پالۋاننىڭ ئۇستىخانلىرىنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئوقياسى بىلەن شەمشىرىنى قايتۇرۇپ كەپتۇ. بىچارە ئايال ئېرىدىن قالغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ يىغلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەسلىگە كەپتۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپلا

ئېرىدىن قالغان ئۇقيا بىلەن شەمشەرنى ئوتتا سىپلىۋەتمەكچى بوپتۇ. قوشنىسى بۇنى كۆرۈپ:

—— قوشنام، ئۇنداق قىلمىسىلا، بۇ نەرسىلەر ئەرلىرىدىن قالغان تەۋەرۈك، تەۋەرۈكنى ئوتقا سالسا ئوبدان بولمايدۇ، - دەپتۇ. ئايال:

—— ئەگەر بۇ نەرسىلەر بولمىغان بولسا، ئۇ شۇ تاغقا بارمىغان بولاتتى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالمايتتىم،- دەپ ئۇ نەرسىلەرنى يەنە ئوتقا تاشلىماقچى بوپتۇ. قوشنىسى دەرھال ئۇ نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىۋېلىپ:

—— ھەي قوشنام، باشقا نەرسىلەرنى ئويلىمىسىلىمۇ مۇشۇ باللىرىنى ئويلاپ قويسىلا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇللىرى دادامدىن بىرەر نىشان قالمىغانمۇ دېسە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىلا؟ - دەپتۇ.

ئايال ئاخىر ئۇقيا بىلەن شەمشەرنى ئوتقا سالماسلىققا ماقۇل بوپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن كۈندۈزى ئوغلىنى ئۆشنىسىگە يۈدۈپ، كىشىلەرنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىر- قاتلىرىنى يۇيۇپتۇ، كېچىسى يىپ ئېگىرىپتۇ. شىرزاتمۇ ناھايىتى تېمەن، چېچەن بولۇپ چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ قولىغا ساقا ئېلىپ، نىشانغا قارىتىپ ئېتىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شىرزات قولىغا چىققان نەرسىنى نىشانغا قارىتىپ ئاتسىلا تېگىدىغان بوپتۇ. بۇ ھال ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئانىسى ئۇنى ھەر قانچە توسۇپمۇ توسىيالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىرزات ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇستا مەرگەن بولۇپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ قۇشقاچ، كەپتەر، كەكلىكلەرنى چالما بىلەن ئۇۋلاپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىدىغان بوپتۇ. شۇ يۇرتتىكى شىرزاتنىڭ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغانلار ئۇنىڭغا قاراپ:

—— شىرزات ئەينەن دادىسىنى تارتىپتۇ، - دېيىشىدىكەن.

شۇ تەرىقىدە ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپتۇ. شىرزاتمۇ 18 ياشقا كىرىپ قاپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دوستلىرى بىلەن ئويناۋاتقاندا، بىر توپ كەپتەر ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بىر دوستىنىڭ بېشىغا مايىقداپ قويۇپتۇ. دوستىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ دوستى شىرزاتقا:

—— شىرزات ئاداش، مېنىڭ بېشىمغا مايىقدىغان ئاشۇ كەپتەرنى بىر چالما بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ مېنىڭ ئاچچىقىمنى چىقىرىپ بەرگىنە،- دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. شىرزات ماقۇل بولۇپ بىر چالما بىلەن كەپتەرنى چۈشۈرۈپتۇ. لېكىن كەپتەر پالاقشىغىنىچە شۇ يۇرتتىكى بىر دەللە خوتۇننىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار كەپتەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىشىگە دەللە خوتۇن كايىپ:

—— بۇ كەپتەرنى ھەر قاچان سەن شىرزات يىقىتتىڭ، شۇنداقمۇ؟ سەنمۇ داداڭغا ئوخشاش قولى شەرتلىك ئادەم بولغۇدەكسەن، - دەپ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىپتۇ.

دەللە خوتۇننىڭ سۆزى شىرزاتنىڭ كۆڭلىدە قاپتۇ. ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئانىسىدىن:

—— ئەي ئاپا، دادام قانداق ئادەمدى؟ كىشىلەر دادامنى نېمىشقا قولى شەرتلىك دەيدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. ئانىسى:

—— ئوغلۇم، بۇ گەپنى ساڭا كىم دېدى؟ - دەپتۇ.

شىرزات بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپ:

—— ئۇنىڭ دېگىنى راستىمۇ، ئاپا؟ —— دەپتۇ. ئانىسى:

—— ئوغلۇم، ئۇ دەللە ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلمايدۇ. سېنىڭ داداڭ مۇشۇ يۇرتتىكى ئەڭ باتۇر، ئەڭ ياخشى ئادەمتى، - دەپتۇ.

—— دادام زادى قانداق باتۇر ئادەمدى؟ —— دەپ سوراپتۇ شىرزات. ئاپىسى گەپنىڭ راستىنى ئېيتىشتىن قورقۇپ:

—— باتۇر دېگەن باتۇر بولامدۇ، سەن باتۇرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ، —— دەپ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇندىن كېيىن شىرزات دادىسىنى دائىم ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ ۋە بىر كېچىسى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئادەم ئۇنىڭغا:

—— ئەي ئوغلۇم، سەن مېنىڭ يولۇمنى تۇتساڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن، بۇ قوراللارنى ئال،— دەپ بىر شەمشەر بىلەن ئوقيا بېرىۋاتقۇدەك، شىرزات ئۇ نەرسىلەرنى ئالىمەن، دەپ قولىنى كۆچەپ سوزۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شىرزات بۇنىڭ نېمىدىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ئۇ شۇ چۈشنى كەينى- كەينىدىن ئۈچ كېچە كۆرۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە

يەنە شۇ چۈشنى كۆرۈپ ئىلگىرىكىدەك چۆچۈپ ئويغىنىپ:

—— ئەي ئاپا، بۈگۈن دادامنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن نېمە نىشانە قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمىسەڭ، مۇشۇ ياتقىنىمچە دادامنىڭ يېنىغا كېتىمەن، — دەپ يېتىۋاپتۇ. ئاپىسى:

—— ئوغلۇم، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ – دەپتۇ.

شىرزات كۆرگەن چۈشىنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

—— مەن بۇ چۈشنى ئۈدا ئۈچ كېچە كۆردۈم. بۇنىڭدا بىر سىر بار، سەن شۇ سىرنى ئېيتىپ بەرگىن، – دەپتۇ.

—— ئوغلۇم سېنى قارا بېسىپ قاپتۇ. ئەته ئورنۇڭنى يۆتكەپ ياتساڭ ئۇنداق بولمايسەن،– دەپتۇ ئاپىسى. لېكىن شىرزات شۇ ياتقىنىچە ھېچنەرسە يېمەي ئۈچ كۈن يېتىپتۇ. ئاپىسى يېلىنىپتۇ، يالۋۇرۇپتۇ. بىراق ئۇنى تۇرغۇزالماپتۇ. يەتتە كۈن بولغاندا ئاپىسى چىدىماي:

—— ئوغلۇم، ئاتاڭ بىر پالۋان ئىدى، ئۇنىڭدىن ساڭا بىر ئوقيا، بىر شەمشەر قالغان، مەن سېنىمۇ ئاتاڭ ماڭغان يولغا مېڭىپ قالمىسۇن، دەپ ئۇ نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان، — دەپ شەمشەر بىلەن ئوقيانى تىقىپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ بېرىپتۇ. شىرزات ئوقيا بىلەن شەمشەرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە:

—— چۈشۈمدە كۆرگەن ياراغلار دەل مۇشۇلار ئىدى،— دەپتۇ.

شىرزات شۇ كۈندىن باشلاپ ئوقيا ئېتىش، شەمشەر ئوينىتىشنى مەشق قىلىشقا باشلاپ قىرىق كۈندە كامالەتكە يېتىپ، ئۇستا مەرگەن، چەۋەنداز بولۇپ قاپتۇ ھەم يۇرت ئەتراپىدىكى جاڭگالدىن توشقان، قىرغاۋۇل، كەكلىكلەرنى ئوۋلاپ ئاپىسىنى ياخشى كۈتۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنچە يۇرتتىن خېلى يىراق يەرلەرگە بېرىپ، تۈلكە، بۆغا- مارال، كېيىكلەرنى ئوۋلاپ كېلىدىغان بوپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىرزات يەنە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە يەنە ھېلىقى ئادەم:

—— ئەي ئوغلۇم، سەن داداڭدىن قالغان ياراغلارغا ئېرىشتىڭ، ئەمدى سەن قارا تاغقا بېرىپ ئوۋ ئوۋلىغىن،— دەپتۇ. شىرزات بۇ چۈشىنىمۇ ئۈدا ئۈچ كېچە كۆرۈپ، كۆرگەن چۈشىنى ئاپىسىغا ئېيتىپ:

—— مەن شۇ قارا تاغقا بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلەي، – دەپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

شىرزات:

—— ئەي ئاپا، نېمىگە يىغلايسەن؟ —— دەپ سوراپتۇ. ئاپىسى:

—— داداڭمۇ شۇ تاغقا بېرىپ قايتىپ كېلەلمىگەن، مەن سەندىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىمايمەن، – دەپتۇ. شىرزات:

—— ئاپا، ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا ئۆلۈم بار، مەن ئۇ يەرگە بارمىسامم‍ۇ يەنىلا بىر كۈنى ئۆلىمەن، ئەگەر ئۇ يەرگە بارمىسام، دادامنىڭ روھى مەندىن رازى بولمايدۇ، — دەپتۇ. ئاپىسى ئىلاجىسىز شىرزاتقا رۇخسەت قىپتۇ. شىرزات تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئۇ تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە بىر كېيىكنى ئوۋلاپ گۆشىنى كاۋاپ قىلىشقا باشلاپتۇ. كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئەتراپقا تارىلىشى بىلەن بىر قېرى ئېيىق پەيدا بولۇپ، تاغۇ تاشنى تىترىتىپ ھۆركىرەپ شىرزاتقا خىرس قىپتۇ. شىرزات تەمتىرىمەي، دەرھال ئوقياسىنى بەتلەپ ئېيىقنىڭ كۆزىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق دەل ئېيىقنىڭ ئوڭ كۆزىگە تېگىپتۇ. ئېيىق ۋەھشىيلىشىپ شىرزاتقا ئېتىلىپتۇ. شىرزات چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يەنە بىر تال ئوق بىلەن ئېيىقنىڭ سول كۆزىنى قويۇۋېتىپتۇ. ئېيىق ماڭالماي ئورنىدىلا پىرقىراپ قاپتۇ. شىرزات شەمشەر بىلەن ئېيىقنىڭ قورسىقىنى يېرىۋېتىپتۇ. بۇ ئەسلى شىرزاتنىڭ دادىسىنى يەۋەتكەن ئېيىق ئىكەن. شىرزات ئېيىقنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ئېگەرنىڭ كەينىگە غانجۇغىلاپ قويۇپ، كەچتە قونالغۇ بولغۇدەك جاي ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ كۆڭلىگە ياققۇدەك جاي تېپىلماي تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بېقىشنى خىيال قىپتۇ. ئۇ تاغقا ياماشقانىكەن، ئۇنىڭ جىسمىگە غايىبتىن بىر كۈچ قوشۇلۇپ تۇتقان يېرىگە قولى بۇركۈتنىڭ تىرنىقىدەك پېتىپ، يولۋاستەك چەبدەسلىك بىلەن كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاپتۇ. تاغ ئۈستىدىكى چىمەنلىكتە ھەر خىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، گۈللەر ئارىسىدىن سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغانىكەن. شىرزات بۇلبۇللارنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاپ شۇ يەردە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ شۇ ئۇخلىغىنىچە تاڭ ئاتقىنىنىمۇ تۇيماي قاپتۇ. كۈن قىزىرىپ چىققاندا غايىبتىن:

—— ئەي يىگىت، ئورنۇڭدىن تۇر، – دېگەن سادا

www.uyghurkitap.com



ئاڭلىنىپتۇ. شىرزات چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپقا قاراپ ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. شۇ چاغدا بۇلاقنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ بۇلاق بويىغا بېرىپ ھەممە گۈللەردىن پەرقلىق ئېچىلغان بىر گۈلنى كۆرۈپ، شۇ گۈلنى پۇرىماقچى بولغانىكەن، بۇلاق ئىچىدىن ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزنىڭ سىماسىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ قول ئۇزاتقانىكەن، قىز غايىب بوپتۇ. ئۇ بۇنىڭ نېمە كارامەت ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرسا، ھېلىقى گۈل:

—— ئەي يىگىت، مېنى ئۈزۈۋالغىن، — دەپ زۇۋانغا كىرىپ شىرزاتنىڭ ئالدىغا ئېگىلىپ كەپتۇ. گۈل بەرگىدىن تاراۋاتقان خۇشبۇي ھىد شىرزاتنى مەست قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ گۈلنىڭ سۆزلىشىگە ھەيران بولۇپ تۇرسا، گۈل ئۆز سۆزىنى يەنە تەكرارلاپتۇ. بۇ چاغدا گۈل بەرگىدە يالتىراپ تۇرغان شەبنەملەر تاراملاپ ئەتراپتىكى تاشلارغا چۈشۈپ، تاشلار شۇ زامان گۆھەرگە ئايلىنىپتۇ. شىرزات ئۆزىمۇ سەزمەي گۈلگە قول ئۇزىتىپتۇ. گۈل بىر سىلكىنىپلا ساھىبجامال بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. قىز تەبەسسۇم بىلەن بىر قاراپتىكەن، ئىشقى ئوتى شىرزاتنىڭ يۈرىكىگە تۇتىشىپ بىر ئىشق مىڭ بوپتۇ. قىزمۇ شىرزاتنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. شىرزات دەرھال:

—— ئەي دىلبەر، ئىسمىڭىز نېمە؟ نېمە ۋەجىدىن گۈلگە ئايلىنىپ قالغانىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

—— ئىسمىم بەرنا، كىم مېنى تىلسىمدىن قۇتۇلدۇرسا، ئۆزۈمنى شۇ شەپقەتچىگە تەسەددۇق ئەيلەيمەن، دەپ ئەھدە قىلغانىدىم. سىز مېنى بۇ يەردىن دەرھال ئېلىپ كېتىڭ، كېچىكسەك ماڭىمۇ قىلىسىز، ئۆزىڭىزگىمۇ قىلىسىز، — دەپتۇ. شىرزات:

—— ئەي بەرنا، بۇ زادى قانداق گەپ؟ ئوچۇق ئېيتىڭ، - دەپتۇ.

—— سىز بىلمەيسىز، بۇ جادۇگەرلەرنىڭ ماكانى، ھازىر ئۇلار ئوۋغا چىقىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ جادۇگەر بولغان بولسا، كىم بۇ يەرگە قەدەم باسسا، يا ئۇچار قۇشقا يا گۈل-گىياھقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ،— دەپتۇ بەرنا. شىرزات:

—— قورقماڭ، مەن ئۇلارنى يوقىتىمەن، — دەپتۇ. بەرنا:

—— ئەي يىگىت، بۇ يەردە ئۇلارغا قورال بىلەن تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، سىز قوراللىرىڭىزنى كۆتۈرۈپ بولغىچە سىزنى تىلسىمغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ياخشىسى ئۇلار سىزنى قوغلىشىپ مۇشۇ تاغنىڭ باغرىغا چۈشسە، ئېلىشىڭ. شۇ يەردە ئۇلارنىڭ سېھرىي كۈچى يوقايدۇ، - دەپتۇ. شىرزات ماقۇل بولۇپ يەردىكى چېچىلىپ ياتقان گۆھەرلەرنى تېرىشقا باشلاپتۇ. بەرنا:

—— ئەي يىگىت، ئۇ گۆھەرلەرنى ئالسىڭىز بېشىڭىزغا بالا بولىدۇ، - دەپتۇ. لېكىن شىرزات گەپ قىلماي گۆھەرلەرنى تېرىۋېرىپتۇ. بەرنا:

—— ئالسىڭىز ئېلىڭ، ۋاقتى كەلگەندە بىر ئامال قىلارمىز، — دەپتۇ.

شىرزات گۆھەرلەرنى تېرىۋېلىپ، بەرنانى تاغ باغرىغا ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

—— ئەي بەرنا، سىز كىم، ئەسلى ۋەسلىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. بەرنا:

—— مەن ئەسلى بىر پادىشاھنىڭ قىزى ئىدىم، مەن 12 ياشقا تولغان كۈنۈم شاھ ئاتام مەن ئۈچۈن ياساتقان چاھار باغدا بەزمە قىلىپ بەرگەنىدى. بەزمە قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا ئاسماندا زور بىر قۇش پەيدا بولدى. قۇش باغنىڭ ئۈستىدە نەچچە رەت ئايلىنىپ ئاخىر تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، مېنى چاڭگاللىغىنىچە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. شۇندىن كېيىن قۇش مېنى ئېلىپ قانچىلىك ئۇچقىنىنى بىلمەيمەن. ئېسىمگە كەلسەم بېشىمدا قاراپ تۇرغان بىر ئايال «ياخشى ھوشۇڭغا كەلدىڭ» دېدى. مەن «سىز كىم؟ بۇ قەيەر؟» دەپ سورىدىم. ئايال «بۇ مېنىڭ ماكانىم، مەن ئەمدى ساڭا ئانا بولىمەن، سەن يالغۇز ئوغلۇمغا خوتۇن بولىسەن» دېدى. ئەسلى ئۇ جادۇگەر خوتۇن بولۇپ، توققۇز قىزى، بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئاشۇ ئوغلىنىڭ كۆزى ماڭا چۈشكەنىكەن، ئۇلار قۇش سىياقىغا كىرىپ مېنى بۇلاپ كەلگەنىكەن. مەن ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن بالىسىغا خوتۇن بولۇشنى رەت قىلدىم. ئۇ ئاچچىقىدا مېنى گۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. مەن ئازابلىنىپ نالە قىلدىم. ئۇ «سەن قاچان رازى بولساڭ، شۇ چاغدا ئەسلىڭگە كەلتۈرىمەن» دېدى. شۇندىن بېرى ھەر قىرىق كۈندە بىر نۆۋەت ئەسلىمگە كەلتۈرۈپ شۇ ئىشنى سورايدۇ، مەن رازىلىق بەرمىگەچكە، مېنى يەنە گۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇيەدىن

ئايرىلغاندىن بېرى ئادەمنىڭ تىنىقىنى پۇراپ باقمىغانىدىم، بۈگۈن سىزنىڭ تىنىقىڭىزنى پۇراپ جىسمىم لەرزىگە كېلىپ، زۇۋانغا كەلدىم، ئەگەر سىز مېنى گۈل شېخىدىن ئۈزۈپ ئالمىغان بولسىڭىز، مەن مەڭگۈ شۇ ھالەتتە قالاتتىم، - دەپتۇ. شۇ چاغدا جادۇگەر ئۇلارنى قوغلاپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. شىرزات ئۇلار بىلەن ئېلىشىپتۇ. شۇ ئېلىشقىنىچە يەتتە كېچە- كۈندۈز ئېلىشىپ جادۇگەرنى يەر چىشلىتىپتۇ. ئۇلار شىرزاتنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپ يېرىم كېچىدە يېتىپ كەپتۇ. شىرزات ھويلىغا كىرىپلا تېرىۋالغان گۆھەرلەرنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئاپىسىنى چاقىرتىپتۇ. ئاپىسى ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنىڭ باش- كۆزىنى سىلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ. شىرزات ئاپىسىغا تەسەللى بېرىپ:

—— ئاپا، چىراغنى ياندۇرساڭچۇ، - دەپتۇ. ئاپىسى:

—— ئوغلۇم، چىراغ ياندۇرساق بولمايدۇ، سەن كېتىپ يەتتە كۈندىن كېيىن شەھەر پادىشاھى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. پادىشاھنىڭ ئوغلى تەختكە چىقىپ، پادىشاھقا قارىلىق تۇتۇش ئۈچۈن قىرىق كۈنگىچە كېچىدە چىراغ ياقماسلىقنى پەرمان قىلدى. پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازالىنىۋاتىدۇ، - دەپتۇ.

ئۇلار قاراڭغۇدا كۆرۈشۈپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ كېچىسى پادىشاھنىڭ ئادەملىرى پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە چىراغ ياققانلارنى تەكشۈرۈشكە چىقىپ، شىرزاتلارنىڭ ھويلىسىنىڭ ناھايىتى يورۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋارقىراپ- جارقىراپ ئىشىكنى ئۇرۇپتۇ. شىرزات چىقىپ ئىشىكنى ئاچقانىكەن، ئۇلار:

—— سەن نېمىشقا پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ كېچىسى چىراغ ياقىسەن؟ — دەپتۇ. شىرزات:

—— مەن چىراغ ياقمىدىم، تاغدىن ئېلىپ كەلگەن بىر نەچچە پارچە تاش بار ئىدى. شۇنى ھويلىغا تاشلاپ قويسام، شۇ نەرسە ھويلىنى يورۇتۇۋېتىپتۇ، — دەپ ھويلىدىكى گۆھەرلەرنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار:

—— نېمە بولمىسۇن سەن كېچىدە يورۇقلۇق چىقاردىڭ، بۇ گۇناھىڭنىڭ جاۋابىنى پادىشاھنىڭ ئۆزىگە بەر، —— دەپ شىرزاتنى ئېلىپ ماڭماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا بەرنا شىرزاتقا:

—— ئۇ تاشلارنى ئالماڭ دېسەم ئالدىڭىز، مانا ئەمدى ئۇ تاشلار سىزگە ئاۋارىچىلىق سېلىۋاتىدۇ. سىز ئۇ تاشلارنى ئېلىۋېلىپ پادىشاھقا سوۋغا قىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتسىڭىز، پادىشاھ سىزنى مۇكاپاتلايدۇ، — دەپتۇ. شىرزات گۆھەرلەرنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پادىشاھنىڭ ۋەزىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇ گۆھەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش نىيىتىدە، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ:

—— ھەي يىگىت، قويىنۇڭدىكى ئاشۇ تاشلارنى ماڭا بەرسەڭ، سېنى قويۇۋېتىمەن، - دەپتۇ. شىرزات:

—— مەن بۇ گۆھەرلەرنى پادىشاھقا سوۋغا قىلىشقا ئېلىپ كەلگەن، —— دەپتۇ. ۋەزىر ئوردىغا كىرىپلا:

—— ئەي پادىشاھ! بۇ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىپتۇ. كالتەكلىسىنى ئالايلى! — دەپ شىرزاتنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئۆز ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى سوراپ باققۇسى كېلىپ:

—— سەن مېنىڭ شاھ ئاتامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلىپ كېچىدە چىراغ ياقىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شىرزات:

—— ئەي كېرەملىك پادىشاھ، مەن بىر تۇل خوتۇننىڭ يېتىم ئوغلى، ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلىشقا نېمە ھەددىم؟ مەن تاغقا ئوۋغا چىقىپ بۇ گۆھەرلەرنى تېپىۋالغانىدىم، پادىشاھقا تەقدىم قىلىش مەقسىتىدە ئالغاچ كېلىپ ھويلىغا قويۇپ قويسام، شۇ نەرسىلەر ھويلىنى يورۇتۇۋېتىپتۇ، — دەپ گۆھەرلەرنى چىقىرىپ پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ بۇنداق ئېسىل گۆھەرنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ شىرزاتقا بىر ئېگەر- توقۇملۇق ئېسىل ئات سوۋغا قىلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ بۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچمەنلىكى ئۆرلەپتۇ. ئۇ نەچچە كۈندىن كېيىن بىر شۇملۇقنى ئويلاپ چىقىپتۇ - دە، پادىشاھقا:

—— ئەي پادىشاھ، ئاشۇ گۆھەرلەردىن يېتەرلىك بار بولسا، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىرىق گەز ئېگىزلىكتە بىر مۇنار سالساق، شۇ مۇنارنىڭ يورۇقىدا شەھەر كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرسا، شۆھرەتلىرى پۈتۈن ئالەمگە قۇياش نۇرىدەك تاراپ كېتەتتى، — دەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزى پادىشاھقا ناھايىتى ياراپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دەرھال شىرزاتنى چاقىرتىپ:

— سەن تاغقا چىقىپ ھېلىقىدەك گۆھەردىن مۇنار سېلىشقا يەتكۈدەك دەرىجىدە تېپىپ كەلگىن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ. شىرزات پادىشاھنىڭ ئەمرىدىن باش تارتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە:

— ماڭا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىلسە، مەن ئاشۇ تاغقا بېرىپ ئىزدەپ باقاي، — دەپ ئۆيىگە غەم بىلەن قايتىپ كەپتۇ. بەرنا نېمە بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بەرنا:

— ئەي شىرزات، بۇ ئەسلى ۋەزىرنىڭ ھىيلىسى، بىز بەخت- تەلىيىمىزنى بىر سىناپ باقايلى، — دەپ بېشىنى ياغلىق بىلەن چىڭ تېڭىپ، — سىز يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىككى قېشىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا بار كۈچىڭىز بىلەن ئۇرۇڭ، ئەگەر كۆزۈمدىن سۇزۇك ياش ئاقسا، بۇ بەخت- تەلىيىمىز، ياش ئورنىغا قان قويۇلسا، مەندىن رازى بولۇڭ. ئەگەر ياش چىقىپ بۇ چىنە تولغاندا تاغ باغرىغا ئېلىپ بېرىپ ھەربىر تاشقا تامدۇرسىڭىز پادىشاھقا كېرەكلىك گۆھەرلەر تەييار بولىدۇ، — دەپتۇ.

شىرزات ئۇرۇشقا پەقەت قوشۇلماپتۇ. بۇ چاغدا بەرنا:

— سىز ئۇرۇشقا قوشۇلماي كاللىڭىزدىن ئايرىلىپ قالسىڭىز، مەن قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ.

شىرزات ئىلاجىسىز بەرنانىڭ دېگىنىنى ئورۇنلاپتۇ. بەختىگە بەرنانىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپتۇ. شىرزات بەرنانىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، پادىشاھ دېگەن گۆھەرلەرنى تەييارلاپتۇ. پادىشاھ گۆھەرلەرنى ئەكەلدۈرۈپ مۇنار سالغۇزۇپتۇ. مۇنار پۈتكەندە شەھەرنىڭ كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭ ئۈچۈن شىرزاتقا بىر ئاتقا نورغۇن ئالتۇن- كۈمۈش يۈكلەپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرنىڭ ئىچى تېخىمۇ ئاداپ، شىرزاتنى باپلاشقا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىرزات ئوۋغا چىقىپ دەريا بويىدىن تېرىسى 72 خىل رەڭدە چاقناپ تۇرىدىغان بىر جانۋارنى ئوۋلىۋاپتۇ. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئاجايىپ ھايۋاننى كۆرۈپ باقمىغاچقا ئۇنىڭ تېرىسىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆيىگە قايتىپ، ئۆز خىيالىنى بەرناغا ئېيتىپتۇ. بەرنا ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلماپتۇ. شىرزات:

— مەن بۇ جانۋارنى كۆرۈپلا شۇنداق نىيەت قىلىپ قويۇپتىكەنمەن، — دەپتۇ. بەرنا ئىلاجىسىز ماقۇل بوپتۇ. شىرزات تېرىنى ئېلىپ پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ. ۋەزىر تېرىنى كۆرۈپ ۋەزىرنىڭ كۆڭلىدىن يەنە بىر شۇملۇق كېچىپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا ئاستا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مۇشۇنداق تېرىدىن يەنە بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن تون تىكىپ كىيگەن بولسىلا، نېمە دېگەن ھەيۋەتلىك بولاتتى — ھە! شۇڭا ئۇنى بۇيرۇپ شۇ تېرىدىن يەنە ئالدۇرۇپ كەلسىلە، ئۇ تېرىدىن كىيگەن تون ئالەمدە يوق تون بولاتتى، - دەپتۇ.

پادىشاھقا بۇ گەپمۇ بەك يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىرزاتنى ئاشۇ خىل جانۋارنىڭ تېرىسىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. شىرزات ئىلاجىسىز ماقۇل بولۇپ ئۆيىگە غەم بىلەن قايتىپ كەپتۇ. بەرنا بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ:

— سىز ھازىر بېرىپ پادىشاھدىن ئوتتۇز يىل ساقلانغان مىڭ تۇلۇم مەي سوراپ كېلىڭ، پادىشاھ سەۋەبىنى سورىسا، ئۇ خىل جانۋار دەريادا بىرلا جايدا بار، مەلۇم بىر مۇددەتتە دەريادىن چىقىدۇ، ئۇلار دەريادىن چىقسا مەست قىلىپ تۇتۇپ كېلىمەن، دەڭ، — دەپتۇ.

شىرزات بەرنانىڭ دېگىنى بويىچە ئوردىغا بېرىپ مىڭ تۇلۇمدا مەي ئېلىپ كەپتۇ. بەرنا شىرزاتقا بارار جاينى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. شىرزات مەيلەرنى ئېلىپ، ئۇ جايغا بېرىپ تاڭ سۈزۈلۈشكە تۇلۇمدىكى مەيلەرنى دەرياغا تۆكۈپتۇ. شۇ چاغدا جانۋارلار دەريانىڭ تېگىدىن چىقىپ، ئاستا- ئاستا مەست بولۇپ دەريا بويىدا يېتىپ قاپتۇ. شىرزات ئۇلارنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ئاتقا ئارتىپ قايتىپ كەپتۇ.

ۋەزىر شىرزاتنىڭ بۇ ئىشنىمۇ تەلتۆكۈس پۈتتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى تېخىمۇ ئاداپ نەچچە كۈن، نەچچە كېچە ئارام ئالماي، ئاخىر جەھەننەمگە خەت ئېلىپ بېرىش قەستىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم ! سىلى تەختكە چىققاندىن بۇيان يۇرتىمىزدا ئاجايىپ كاتتا ئىشلار بولدى، بۇ ئىشلاردىن مەرھۇم ئاتىلىرى خەۋەر تاپقان بولسا، قانچىلىك خۇشال بولاتتى – ھە! شۇڭا بۇ ئىشلاردىن ئاتىلىرىنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن مەكتۇپ پۈتسىلە،

ئۇنى ئاشۇ ھەممە ئىشنى بەجا كەلتۈرەلەيدىغان [illegible] رنىنىڭ ئاخىرەتكە ئەۋەتەيلى، ئۇ مەكتۇپنى ئېلىپ بېرىپ مەرھۇم ئاتىلىرىدىن جاۋاب ئېلىپ، مۆھرىنى باستۇرۇپ كەلسۇن، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ گېپىنى لايىق كۆرۈپ، مەكتۇپ يېزىپ، شىرزاتنى چاقىرتىپتۇ ۋە:

— سەن بۇ مەكتۇپنى ئاخىرەتكە ئېلىپ بېرىپ مەرھۇم ئاتامنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ، مۆھرىنى باستۇرۇپ كەل، - دەپتۇ. شىرزات ئۆيگە غەم بىلەن قايتىپ كەپتۇ. رنا ئۇنىڭ غەم- قايغۇسىنىڭ تېگىگە يېتىپ:

— شىرزات، بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىش، بۇ قېتىم يا سىز تۈگىشىسىز، يا ئۇ شۇم نىيەتلەر تۈگىشىدۇ. شۇڭا سىز پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر كۈندە يىگىرمە يىللىق يولنى باسىدىغان ئات سوراڭ، - دەپتۇ. شىرزات پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ تەلەپنى قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇ تەلەپنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. شىرزات ئاتقا مىنىپ، بىر قامچا سېلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە يېرىم كېچىگىچە ئاتنى ئېگىز- پەس چاپتۇرۇپ، بەرنا ئېيتقان ۋاقىتتا ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. بەرنا شۇ چاغقىچە ئىككى گەمە چاپتۇرۇپ تەييار قىلىپ تۇرغانىكەن، شىرزات يېتىپ كېلىشىگە ئىشلەمچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، بىرىگە شىرزاتنى، بىرىگە ئاتنى يوشۇرۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بەرنا شىرزاتقا بىر قاچا تېرىق ئۈمىچى بەرسە، ئاتقا ئۈچ كاپام سامان بېرىپتۇ. شۇ ھالەتتە ئارىدىن 39 كۈن ئۆتۈپ، ئات ئورنىدىن تۇرالمايدىغان، شىرزات ماڭالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. بەرنا 40- كۈنى شىرزات بىلەن ئاتنىڭ قورسىقىنى راسا تويغۇزۇپ، ئۆزى ئۆلگەن پادىشاھنىڭ نامىدا خەت يېزىپ، سېھرىي كۈچى بىلەن پادىشاھنىڭ مۆھرىنى بېسىپ تەييارلاپ، شىرزاتنىڭ تۆش يانچۇقىغا سېلىپ قانداق قىلىشنىڭ ئۇسۇل- چارىلىرىنى ئۆگىتىپ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا يولغا سايتۇ.

شىرزات كوچىغا چىقىپ ئادەم بار يەرگە كېلىشىگە پۈتۈن ئەل ھەيران قىلىپ، قاراشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. چۈنكى ئاتنىڭ قىرىپ ئالغۇدەك گۆشى قالمىغان بولۇپ، تېرىسى بولمىسا، ئۇستىخانلىرى تۆكۈلۈپ كەتكۈدەك ھالەتتە ئىكەن. ئات ئالدىغا ئىككى قەدەم ئالسا، كەينىگە بىر قەدەم سەنتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن. شىرزاتنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ پارقىراپ تۇرۇشىلا ئۇنى ئىسكىلىتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىكەن. شىرزاتنىڭ ئىشىدىن خەۋىرى بارلار ئۇنى تونۇپ:

— ئاخىرەتكە كەتكەن باتۇر يىگىت قايتىپ كەپتۇ،— دەپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ. پادىشاھ نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ ۋە ئىسسىل تائاملار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپتۇ. شىرزات قىرىق كۈندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ تۆش يانچۇقىدىن چىرايلىق پۈكلەنگەن خەتنى چىقىرىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن ئۇ ئالەمگە بېرىپ ئاتىلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ سىلىدىن ناھايىتى رازى ئىكەن. ئاتىلىرى ئۇ ئالەمدىمۇ يەنە پادىشاھ بوپتۇ. بۇ خەتنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ ئوقۇسۇن، دېدى،— دەپتۇ. پادىشاھ نامەنى ئېلىپ ئوقۇپتۇ. ئۇ مۇنداق پۈتۈلگەنىكەن:

«ھۆرمەتلىك ئوغلۇم، سەن ئەۋەتكەن خەتنى ئوقۇپ سېنىڭ ئۇ ئالەمدە قىلغان ئىشلىرىڭدىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم، مەن سەندىن رازى. مەن بۇ ئالەمگە كەلگەندىن كېيىنمۇ پادىشاھ بولدۇم، بۇ ئالەمدە ئاجايىپ ئىشلار بەك جىقكەن، لېكىن مەن قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئوغلۇم، شۇڭا سەن ئاشۇ دانا ۋەزىرىڭ بىلەن دەرھال بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىپ بەرسەڭلار، مەن ناھايىتى خۇشال بولاتتىم، سىلەر بۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان، دەرھال مېنىڭ دەرگاھىمغا يېتىپ كېلىڭلار، بولمىسا مەن سىلەردىن رازى بولمايمەن.

ئاخىرەتتىكى شاھ ئاتاڭدىن» دەپ مەرھۇم شاھنىڭ مۆھۈرى بېسىلغانىكەن.

پادىشاھ بۇ مەكتۇپنى يالغان دەي دېسە، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ مۆھرى بېسىلغان، راست دەي دېسە، ئۆز ئەقلى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر ئىككىسى ئۇ ئالەمگە بېرىپ كېلىشكە كېلىشىپ، تەختنى شىرزاتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى دارغا ئاستۇرۇپتۇ.

شىرزات پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇپ بەرنا بىلەن توي قىلىپ، يۇرتنى ئادىل سوراپ، بىر ئۆمۈر بەختلىك ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **توختى گارسا** (تۇرپان شەھەر يار يېزىسى)

توپلىغۇچى: **ئابدۇرېشىت ئىبراھىم** (تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەت – دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەتىمىن**

# مانــاس

## (قىرغىز خەلق ئېپوسى)

## جولوينىڭ ئاقغۇلانىڭ ئىنئاسىنى ئېلىپ قاچقانلىقى، كۆكچىكۆزنىڭ ماناسنى ئاتقانلىقى

جولوي ئاقغۇلانى مانىلەيگە ئەگەشتۈرۈپ چىقاردى، ئۇنداق بولمىغاندا ئاشبودان ئېتىم بىرىنچى بولاتتى، دەپ قاتتىق چالۋاقاپ جېدەل تېرىپ، ئالتۇن سالغان خۇرجۇننى ئېتىغا ئارتىپ كېتىپ قالدى. ماناس بۇنىڭدىن قاتتىق تېرىكىپ كەينىدىن قوغلاپ بارسا بەرمەي قويدى. ماناس ئاچچىقلىنىپ قامچا بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى. جولوي بارچابۇدام دېگەن ئاتنى مىنىپ قاچتى. ماناس مانىكەرنى مىنىپ هاجىبايىنى ئەگەشتۈرۈپ قوغلىدى. جولوي قاراقاڭشار دېگەن توقايلىقتا يولدىن ئادىشىپ ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن ماناسنى كۆرۈپ ئېتىدىن چۈشۈپ يوشۇرۇنىۋالدى. ماناس بارچەبۇدامنى ئېتىپ بوينىنى ئۈزۈۋەتتى. هاجىباي ئالتۇن سالغان خۇرجۇننى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار شۇنچە كۆپ ئىزلەپمۇ جولوينى تاپالمىدى. ئۇلار ئەتىسى ئەلگە يېتىپ كەلدى. قوڭغۇرباي: «جولوي تىرىك ئىكەن، بولمىغاندا ماناس ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلەتتى» دەپ ئويلاپ ئېلىنى قاڭغاي تەرەپكە باشلاپ ئېلىپ ماڭدى.

قوڭغۇرباي كۆزقاماننىڭ ئوغلى كۆكچىكۆزنى ئېلىپ كېلىپ ماناسنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ياقۇپ بىلەن تونۇشلىقى بار كۆزقامان مۇساپىر بولۇۋېلىپ ياقۇپباينىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالتايدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ياقۇپقا ئېيتىپ بېرىپ ۋە بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش خىيالىنى ئېيتتى. ياقۇپ ماقۇل بولدى. قانىكەي كۆزقاماندىن گۇمانلىنىپ بىر هەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاۋۇلدىن چەتنەپ ئولتۇرغان كۆزقاماننىڭ ئۆيىگە داستىخان كۆتۈرۈپ پەتىلەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ماناس كەلسە زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئۇلارمۇ قانىكەينىڭ تونۇپ قالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ باتۇرلارنىڭ يايلاقتىكى ئاتلىرىنى هەيدەپ قېچىپ، ماناس قوغلاپ كەلگەندە ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئۇلار هاۋانى بۇزۇپ، يامغۇر ياغدۇرۇپ ئاتلارنى هەيدەپ قاچتى.

ئۇ كېچىسى ماناس ئاقغۇلاسىنى مىنىپ قارابۆرۆكنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانىدى. ئەتىسى يوقالغان ئاتلارنى قوغلاپ هېچ ئىشتىن خەۋەرسىزلا يۈرۈپ كەتتى. قانىكەي بۇنى بىلمەي قالدى.

كۆكچىكۆز ماراپ يېتىپ ماناسنى ئاتتى. ئوق ماناسنىڭ بىر ئۆپكىسىنى تېشىپ ئۆتتى. ماناس بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئاقغۇلا بىلەن قىر بېشىغا چىقتى. كۆكچىكۆز دەل تەگكۈزەلمىگەن ئوخشايمەن، دەپ قورققىنىدىن بەدەر تىكىۋەتتى. قاڭغايلىقلارمۇ يىلقىلارنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى. يارىلانغان ماناس بىر ئوتلاققا كېلىپ ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى. سىرغاق باتۇرنىڭ تەل قىزىل ئېتى ئاقغۇلانىڭ هىدىنى پۇراپ، ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى- دە، ئىككى ئات بىرلىكتە ماناسقا چىۋىن- پاشىلارنى يولاتماي قوغداپ تۇردى. ئاقغۇلا قالدىرقان (دورىلىق چۆپ) ئېلىپ كېلىپ ماناسنىڭ يارىسىغا يېپىپ قويدى. قالماقلار ئېلىپ قاچقان ئاتلارنى چۇۋاق باتۇرنىڭ كۆكتېكي ئېتى هەيدەپ كەلدى. بىر بالا- قازانىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تۇيغان باتۇرلار ماناسنىڭ ئىز- دېرىكىنى قىلىپ پالچىلارغا پال سالدۇرۇپ، ماناسنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتى. پالۋانلار دەرهال ئاتلىنىپ ماناس ياتقان يەرگە يېتىپ كېلىشتى.

ماناس ئۇلار كەلگەندە كۆزىنى ئېچىپ، كۆكچىكۆزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بولۇپ يەنە هوشىدىن كەتتى. قانىكەيگە ئادەم ئەۋەتىپ ئالدۇرۇپ كەلدى. قانىكەي بۇرۇندىن تەييارلاپ يۈرگەن دورىلىرىنى ئىشلەتتى. ئۇ سۈتكە شېكەر قوشۇپ بېرىپ، يارا ئىزىنى داكا بىلەن بوغۇپ، ئىيىق، قارچىغا ئۆتلىرىنى

بېشى ئۆتكەنكى ساندا

چىقىپ، كۆكجورۇنىڭ ئۆتىنى ئىچكۈزۈپ ئوبدان كۈتتى. ئۈچ ئاي بولغاندا باتۇر ماناس ساقايدى. ماناس كۆرۈشكىلى كەلگەن ئايدارخاننىڭ ئوغلى كۆكچەدىن كۆكچەكۆزنىڭ دېرىكىنى بىلىپ بەشبالىقدىكى ئايجاھجۇن ئەردىكە ئاتلانماق بولدى. شۇ چاغدا بىر قازاق كېلىپ كۆكچەكۆزنىڭ ئېلىدىكى قىرغىز بىلەن قازاقنى بۆلىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ ئەرز قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ ماناسنىڭ قەھرى- غەزىپى تېخىمۇ ئاشتى.

## كۆكچەكۆزنىڭ شۇملۇقلىرى

ماناس كۆكچەكۆزدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئوق- دورىلىرىنى تەييارلاپ، ئاۋۇلغا بارماي ئىسسىق كۆل بويلاپ يۈرۈپ، تېكەس بىلەن چۈشۈپ ئايجاھجۇننىڭ يېرىگە كەلدى. سەرەك باشلىغان توققۇز باتۇر قاڭغايلارنىڭ ئاتمىشتىن ئارتۇق قاراۋۇلىغا يولۇقۇپ قالدى. زاتاينىڭ ئەقلى بويىچە توققۇز باتۇر توققۇز تەرەپكە قاچقاندەك بولۇپ، دۈشمەنلەر بۆلۈنۈپ قوغلاپ كەلگەندە قايتۇرما زەربە بەرمەكچى بولۇشتى. دېگەندەك دۈشمەنلەر قوغلاپ كەلگەندە باتۇرلار تىزگىننى قايتا تارتىپ دۈشمەنگە بىر تەرەپتىن نەيزە ئۇرۇپ، بىر تەرەپتىن باغلىدى. شۇ ئارىلىقتا كۆكچەكۆز پەيدا بولدى. ئىرچىئوغول، بوزۇل، ئېرشۇتۇ، سىرىك تۆت باتۇر قېلىپ، قالغان بەشى ئەسىرنى ئېلىپ ماناسقا خەۋەر بەرگىلى كېتىشتى.

سىرىك: «ماناس ئىككى كۈنگىچە يېتىپ كەلسۇن، بىر شۇ كۈنگىچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيمىز» دەپ جېكىلىدى. قالغان تۆت باتۇر كۆكچەكۆز بىلەن ئېلىشىپ خېلى ھالىدىن كېتىشتى. ئېرشۇتۇ كۆكچەكۆزنىڭ نەيزىسىنى قېقىپ سۇندۇرىۋەتتى. كۆكچەكۆز نەيزە ئېلىپ كېلىپ ئاندىن سىلەر بىلەن ئۇرۇشاي، دەپ يالۋۇرغاندا، ئېرشۇتۇ رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆكچەكۆز قېچىپ كەتتى. ئۈچ باتۇر: «جەڭدە رۇخسەت بېرىش ماناس بىلەن قوڭۇربايدەك باتۇرلارغا يارىشىدۇ، ساڭا نېمە كەپتۇ؟» دەپ تاپا- تەنە قىلىشتى.

خەۋەرچىلەر ماناسقا بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى ئېيتىپ باردى. سىرغاق پالچىدىن سىرىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، ماناسنى بارغۇزماي چۇۋاق بىلەن ئىككىسى ئاتلاندى. سىرغاق تەل قىزىل ئېتىنى چاپتۇرۇپ كۆكچەكۆزنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. كۆكچەكۆز ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا كۆزى يەتمەي، شەھەرگە قېچىپ كىرىپ كۆپ لەشكەر باشلاپ چىقىپ سىرغاقنى قورشىۋالدى. چۇۋاق باشلىق ئالتە ئادەم قىم- قىم دۈشمەن لەشكىرى بىلەن جان ئايىماستىن جەڭ قىلدى. ماناس لەشكەر باشلاپ كەلگەندە ئايجاھجۇننىڭ لەشكەرلىرى چېكىندى. ئايجاھجۇن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، لوياسىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. لويا كۆكچەكۆزنىڭ قېچىپ كەلگەنلىكىنى، بەش يۈزگە يېقىن ئادەمنى باشلاپ ماناسنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاتمىش مىڭدەك لەشكەر بىلەن چىداشلىق بېرەلمەي قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئايجاھجۇن غەزەپلىنىپ: «ماناس، تېگىشمىگەن ئادەمگە تېگىشمەيمەن، دەپ يۈرگەن، كۆكچەكۆز ئۆزى تېگىشىپ ئىش تېرىپتۇ. ئۇنى تۇتۇپ بېرىمەن» دەپ ھۆركىرىدى. ئاندىن كۆكچەكۆز ئايجاھجۇننى ئالداپ: «قاراۋۇلغا ئەۋەتكەن ئىدىڭىز، بارسام، قىرغىزلار ئۇلارنى ئۇرۇپ- سوقۇپتۇ، جان ئايىماي قاتتىق ئېلىشتىم. سىرغاق ئۇچراپ قېلىپ قېچىپ كەلدىم- دە، قىرغىزلار ئوردىغا باستۇرۇپ كەلسە نومۇس، دەپ ھەممە ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بەرگەن ئىدىم، قېشىڭىزغا كىرسەم ئۇخلاپ يېتىپسىز، ئويغىتالمىدىم» دېدى. ئايجاھجۇن بۇنىڭغا ئىشىنىپ ئاچچىقى بېسىقتى.

## ئايجاھجۇننىڭ مەغلۇب بولۇشى، قۇتۇنايىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى

ئايجاھجۇن دەرغەزەپكە كېلىپ ئاق [illegible] بايراق كۆتۈرگەن ئاتمىش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ بۇرۇتلارنى يوقىتىمەن، دەپ ئاتلىنىپ چىقتى. ئىككى تەرەپ قارىمۇ قارشى تۇرۇشتى. ئۇ تەرەپتىن مانجۇ ئۇرۇقىدىن بولغان مالۇنا

دېگەن باتۇرى نەيزىنى كۆتۈرۈپ ئاتلىنىپ چىقتى. ماناس تەرەپتىن قوڭتوناي، باقاي، خاندىن رۇخسەت ئېلىپ ئاتلىنىپ چىقتى. مالۇنا قوڭتونايىنى قىلىچمۇ كۆزگە ئىلماستىن ھاقارەتلىدى. ئىككىسى نەچچە مەرتەم ئېلىشا- ئېلىشمايلا قوڭتونايىنى نەيزىگە ئېلىپ بىر ئايلاندۇرۇپ ئېتىغا مىنگۈزۈپ قويدى. قوڭتوناي تىرىك قالغىنىم غەنىيمەت دەپ سەپكە قايتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن قىپچاق بايىنىڭ بالىسى ھاجىباي ئاتلىنىپ چىقتى. ئۇزىنى تەڭداشسىز باتۇر ھېسابلىغان مالۇنا ئاتايەن مەيدانغا چىقىپ تىغىنى سانچىيالماي ئارماندا قالمىسۇن، دەپ مەردلىك كۆرسىتىپ تۇرۇپ بەردى. ھاجىباي ئۇنىڭ بۆرىكىگە تىغ سانچىپ ئاتتىن دۇمىلاتتى- دە، بېشىنى كېسىۋالدى. مالۇنانىڭ ئۆلگىنىگە قاتتىق ئېچىنغان دوردونو دېگەن قالماقنىڭ باتۇرى ئابدۇللاغا قاراپ باستۇرۇپ كەلدى. ئابدۇللا ئۇنى ئاتتىن ئاغدۇرۇپ، ئاتقا سۆرىتىپ ئۇچەي- قارنىنى يېرىۋەتتى. شۇ ئەسنادا دوردونونىڭ ئىنىسى ئوتوكې يېتىپ كېلىپ ھاجىبايىنى ئېتەكتىن چىڭ تارتىپ، ئۇنى يىقىتماقچى بولدى. ئەمما ھاجىبايمۇ بوش كەلمەي ئاتقا يېپىشتى، بۇ ئىككىسى تارتىشىپ تۇرغاندا ئالىباي دېگەن باتۇر يېتىپ كېلىپ ئايپالتىسى بىلەن ئوتوكېنىڭ بېشىغا چېپىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ مېگىسى چاچراپ چىقتى. قاراختاينىڭ خېلى داڭقى چىققان كېجى دېگەن باتۇرى مەيدانغا چىقتى- دە، ئالۇبايىنى سانچىپ ئاتتىن ئاغدۇردى. شۇ چاغدا شوتۇ باتۇر يېتىپ كېلىپ ئاجرىتىۋالدى. كېجى شوتونى، ئاندىن قىرغىلنى كەينى- كەينىدىن ئاتتىن ئاغدۇرىۋەتتى. ياردەمگە كەلگەن ئېرچىئوغۇلنىمۇ نەيزە بىلەن ئاتتىن يىقىتىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن سىرغاق باتۇر جەڭ مەيدانىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەنچە نەيزىسى بىلەن كېجىنى سانچىپ ئۆلتۈرىۋەتتى. كەچ كىرىپ ئىككى تەرەپ بارگاھلىرىغا قايتتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا يەنە جەڭ مەيدانىغا كەلدى. خىتاينىڭ مايتىق دېگەن باتۇرى پىل مىنىپ چىقتى. ئۇنىڭغا قارشى سىرغاق باتۇر ئاتلاندى. مايتىق سىرغاقنى كۆزگە ئىلماي بىر يۈز ئەللىك غولاچ نەيزىسى بىلەن سانچىماقچى بولدى. سىرغاق قىلىچ بىلەن نەيزىنى قىيىپ چېپىپ پىلنىڭ بوينىنى چاپتى. مايتىق ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە پالتا بىلەن بېشىنى چېپىپ ئۆلتۈردى. يۈز ئەللىكتەك خىتاي لەشكىرى سىرغاققا كەينى- كەينىدىن تور تاشلاپ ئۇنى قىمىرلىتالمىدى. ئاڭغىچە چۇۋاق باتۇر يېتىپ كېلىپ قىلىچ بىلەن ئەللىكتەك لەشكەرنىڭ بېشىنى چاپتى. ئايجاڭجۇننىڭ ئالتە يۈزدەك تورچىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ چۇۋاق باتۇرغا ئاتمىش تورنى تاشلىدى. ئۇرۇش تەرتىپى بۇزۇلۇپ، باتۇرلارنىڭ كۆپى تورغا چۈشۈپ قالدى. غەزەپلەنگەن ماناس قىرىق شىردەك ئاۋازى بىلەن قاتتىق ۋارقىراپ جەڭ مەيدانىغا چىقتى. باتۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا سۇلار چايقىلىپ، تاغلاپ تىترەپ، ھاۋا بۇزۇلۇپ، يەرلەر يېرىلىپ سۇ چىقىپ، چاڭ- تومان تۇزۇپ، ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلار ھەر تەرەپكە تارقىلىشقا باشلىدى. ئايجاڭجۇننى قورققىنىدىن تىترەك بېسىپ، فوگۇر بايىنى باشپاناھ تارتىپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ، كۆكچىكۆزنى چاقىرىپ «يېنىمدا تۇرغىن» دېدى. مېنى تۇتۇپ بېرىدىغان بولدى، دەپ قورقۇپ كەتكەن كۆكچىكۆز مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ فوگۇربايىنىڭ قېشىغا ئايجاڭجۇندىن بۇرۇن قېچىپ كەتتى، ماناس ئۆتكۈر قىلىچىنى ئۇزارتىپ قاڭغايلىققا قاتتىق تەگدى- دە، بىر چاپقاندا ئىككى يۈز لەشكەرنىڭ بېشىنى بىراقلا چاپتى.

ئايجاڭجۇن تون قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى. ئىگىسىز قالغان ئەل بېقىندى. قوڭتونايىنى ئوردىغا باشچى قىلدى. ئۇ باشقۇرغان يەر كېيىنچە: «قوڭتوبى» ئاتىلىپ قالدى.

ماناس باتۇر ئۇرۇشۇپ يۈرگەندە كۆرگەن چۆل- باياۋانغا بىر شەھەر سالدۇرۇپ ئىسمىنى «ماناس» دەپ قويدى. تۇرپان تەرەپ تۆپىلىكتىكى كۆلنى «ئاسمان كۆل» دەپ ئاتىدى. بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بولغان ماناس كۆكچىكۆزدىن ئۆچ ئېلىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ ئېلىگە قايتتى.

## ئۆربى قاتارلىق ئالتە خاننىڭ ماناسقا خەت ئەۋەتىشى، ماناسنىڭ قالدايىنى يوقىتىشى

ئېرتۆشتۈك قىرغىز خانلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ توي بەردى. ماناس سەمەرقەنتتىن تويۇڭغا بارامدىمەن

دەپ كەلمىدى. توي تۈگەپ ئەل تارقىغاندىن كېيىن خانلار سۆھبەت قۇردى. ئالدىدا ئۇربى سۆز باشلاپ: «ماناسنىڭ يېشى تېخى ئوتتۇزغا توشمىدى. قىرغىزلارنى ئەتراپىغا يىغىۋالغىنى بىلەن ئۆزى رەھىمسىزرەك چىقىپ قالدى. ئاغىش بىلەن كېركۆكۈل قۇدىلىشىپ قويغان قالچا بىلەن قالماقنىڭ قىزلىرىنى خوتۇن قىلىۋېلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. سەكسەن ياشتىن ئاشقان قوشايىنى چېلىشقا سالدى. ئېرتۆستۈك ئۆمرىدە بىر قېتىم توي بېرىپ چاقىرسا كەلمىدى. مۆزبۇرچاقنىڭ ئاتىسىدىن مىراس قالغان ئاق ئۇلپىق تونىنى كىيىۋالدى» دەپ بىر قاتار ئىشلارنى سۆزلەپ ئەپسۇسلاندى. قوشۇي ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ياقتۇرماي، بولىدىغان ئىشنى ئىچىدە مۆلچەرلەپ جىم تۇرىۋالدى. قالغان ئالتە خان ئۇربىنىڭ گېپىگە ھەمدەم بولۇپ بىرلىشىپ ماناسقا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاق بوز ئات سويۇپ قەسەم قىلىشىپ ئۇنىڭغا خەتنى ئەۋەتتى.

ئەلچىلەر تويۇن دەرياسىنى ياقىلاپ يۈرۈپ قەشقەرگە كېلىپ، ئەر كەشتام ئارقىلىق سەمەرقەندكە ئۆتتى. ئۇن ئىككى يىگىت بىلەن ئۇردىنىڭ ئاغزىنى ساقلاپ تۇرغان قازاق بورونچى بۇلارغا ئۇچراپ ماناسقا ئەھۋالنى ئېيتىپ باردى. ئالتە خاننىڭ ئىشلىرىنى بۇرۇنلا بىلىۋالغان ماناس بورونچىغا ئۇلارغا بىر ھەيۋە كۆرسىتىپ قوي، دېدى. بورونچى سىرتقا چىقىپ دۇمباق ئۇرغاندا لەشكەرلەر سەمەرقەندكە پاتماي ھەممىسى يىغىلىپ مىڭ لەشكەر قىزىل، مىڭ لەشكەر قارا، مىڭ لەشكەر ئاق كىيىنىپ تىزىلىپ تۇردى. دۇمباق ئۇرۇلۇشى بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىلدى. بۇ چاغدا كەلگەن ئەلچىلەر قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى. ئەلچىلەرنى ئىككى تەرەپتە ئەجدىھانىڭ ھەيكىلى قويۇلغان سوراقخانىغا ئېلىپ بېرىپ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىدى. تېگىگە نەيزىنىڭ بىسى ياتقۇزۇلغان تورۇسقا قىلىچ ئېسىلغان، يېنىغا بۆرە تىللىق تىغ قويۇلغان ئۆيىنى كۆرۈپ ئەلچىلەرنىڭ روھى چىققان ھالدا ئالتە خاننىڭ خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى. ماناس ئۇلارنى سوراقخانىدىن ئېلىپ چىقىپ ئالتە كۈن ئوبدان مېھمان قىلدۇرۇپ، ئالتە دۇلدۇل، ئاتمىش تون، چىنىدەك مۆھۈر بېسىلغان خەتنى قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ يولغا سالدى.

ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي ئېيتىپ خەتنى خانلارغا بەردى. خەتتە: «ئەقىلىڭلاردىن ئېزىپ، ماڭا تىغ ئاتىدىغان بولساڭلار، ھەممىڭلارنى قىرىپ، شەھىرىڭلارنى كۆكۈم- تالقان قىلىمەن. قالدايلار چوڭ ئۇپالدا قىرغىزلارغا تەھدىت سېلىۋېتىپتۇ. يېقىندا شۇ تەرەپكە ئاتلىنىمەن. قىرىق كۈنگىچە كەلمىسەڭلار سىلەرنىمۇ بوش قويمايمەن» دەپ يېزىلغانىدى. خەتنى كۆرۈپ ھېچ ئىشتىن- ھېچ ئىش يوق ماناسنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىۋالدۇق، دەپ ئېرتۆستۈك خاپا بولدى. قوشۇي ماناس دېگەن ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇربى، كېركۆكۈل، ئاغىش، مۆزبۇرچاق، ئېرتۆستۈك ھەممىسى بارماسلىقنىڭ باھانىسىنى تاپالمىدى.

ساناپ تۇرۇپ قىرىق كۈن توشاي دېگەندە ماناس لەشكەرلىرىنى يىغىپ ئاتلانماق بولدى. باقاي باشلىق باشقا سەردارلار ئەتە ئالتە خاننىڭ كېلىدىغان كۈنى توشىدۇ. نېمىشقا ئالدىرىدىڭىز، دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى: «ئالتە خاننى كېلىدۇ دەپ كۈتۈپ تۇرمايمەن، كەلسە كەينىمدىن بارسۇن» دەپ ماناس باتۇر ئېرەن قىلمىدى. باقاي قوشۇينىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۇنى يەرگە قارىتىپ قويمايلى دەپ ئۆتۈندى. ماناسمۇ ماقۇل بولدى. قوشۇيغا ماناس نامىدىن سىرغاق خەت يېزىپ ئېرچىئوغۇلغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلاپ سەپكە قېتىلىپ جەڭگە ئاتلاندى.

ئەرز- داد ئېيتىپ ئۈچ قېتىم كەلگەن قىپچاقلارنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ماناس لەشكەر باشلاپ كېتىۋاتقاندا ئالدىغا بەش كىشى ئۇچرىدى. بۇ بەشى خوتەن، يەركەنت، لوپ يەنە ئۇپاللىق قىپچاقلار بولۇپ، قاڭغايلىقلار ئۇلارغا زۇلۇم سېلىپ كۈن كۆرسەتمىگەنلىكتىن يەنە ئەرزگە كەلگەنىدى. ماناس قوڭۇرباينىڭ قىلغان- ئەتكەنلىرىگە غەزەبلىنىپ، ئەرزىيەتچىلەرگە: «قەشقەردە داۋراڭ سالماي جىم تۇرۇپ تۇرۇڭلار» دەپ يولغا سالدى.

ماناس قوقانغا قاراپ كېلىۋېتىپ، ئېرتۆستۈككە يولۇقۇپ ئاچچىقىدا ئۇنىڭغا گەپ- سۆز قىلمىدى. قوقان خانى سىنچىبېك يولغا چىقىپ ماناسقا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈپ كۈتىۋالدى. شۇ ئەسنادا كېركۆكۈلمۇ يېتىپ كەلدى. تۆتەيلەن مەسلىھەتلىشىپ كىركۆكۈلنى يولغا سالدى. ئېرتۆستۈكنى ئالايغا ئېۋەتىپ، ماناس قەشقەرگە قاراپ ئاتلاندى.

قەشقەردىكى چوڭ قالداي، ئۇپالدىن ئېشىپ ئېرتۆستۈك، سىنچىبېك، قوشۇيلارنى يوقىتىپ، ئاندىن ماناسقا قول سېلىش ئۈچۈن لەشكەر توپلاپ يۈرگەنىدى. ماناسنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ مېنى ئاۋارە قىلمايلا ئۆزى

كەپتۇ، دەپ ئويلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قىزسايقال بىللە ئاتلاندى. ماناسنىڭ قوشۇنى قالماقنىڭ سەكسەن مىڭ لەشكىرى بىلەن قەشقەرنىڭ چېتىدىكى كەڭ سايلىقتا ئۇچراشتى.

قالداي تەرەپتىن جىلمالاڭ دېگەن باتۇرى ئاتلىق يەككە چىقىپ چۇۋاق بىلەن ئېلىشتى. چۇۋاق جىلمالاڭنىڭ ئاتمىش غۇلاچ نەيزىسىنى پارچە- پارچە قىلىپ كىگىز ئۆيدەك چۇمىقىغا چاپتۇرماي، ئۆزىنى قوغداپ نەيزە بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىگە سانچىدى. جىلمالاڭنىڭ پېيى قىرقىلىپ چۇمىقى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئوڭ قولىدا جان يوق، سول قولىغا پالتا ئېلىپ چۇۋاق باتۇرغا يەنە دۈەيلەپ كەلدى. چۇۋاق جىلمالاڭنىڭ بويۇن بېزىگە قاتتىق سېلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇ چاغدا سەكسەن مىڭ قالداي لەشكىرى قارا بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ تۆت يۈز قىرغىزغا بىراقلا ھۇجۇم قىلدى.

چوڭ قالداي جىلان قارا ئېتىنى چاپتۇرۇپ ماناسقا تۇيدۇرماي يان تەرەپتىن ئۇنىڭغا نەيزە ئۇرماقچى بولدى. ماناس پەسەنتمۇ قىلماستىن ئۇنىڭ نەيزىسىنى قېقىۋېتىپ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەندە دولىسىغا بىرنى قويۇپ دومىلىتىۋەتتى. شۇ ئەسنادا قىزسايقال يېتىپ كېلىپ ماناسنى نەيزە بىلەن ئاتتىن ئاغدۇرۇۋەتتى. چۇۋاق ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ كەلگۈچە قىزسايقال تىكىۋەتتى. ماناس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېتىغا مىنىپ قېچىشقا تەمشەلگەن قالداينى ئېتىكىدىن تارتىپ يىقىتتى- دە، بېشىنى كەستى. قالماقلار يېڭىلىپ، باتۇرلار ئوردىغا باستۇرۇپ كىردى. ماناس ئېرتۆشتۈك باتۇرنى چاقىرتىپ كېلىپ يەركەنت، خوتەن، لوپنۇرنى ئۇنىڭ قولىغا قارىتىپ خان قىلىپ بېكىتتى. ئېرتۆشتۈك دوستىغا بەرگەن ۋەدىسى ئۈچۈن بۇ يەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئالاخۇنغا تاپشۇردى. ئۆزى بولسا ئۇنىڭ ئۈستىدىن قارايدىغان بولدى.

ماناس قوڭۇرباي يىغدۇرغان ئالتە مىڭ قوتازنى ئېلىپ سەمەرقەندكە قايتتى.

## ئالمانبەتنىڭ كۆكچىدىن كېتىشى

ئەلقىسسە: ئالمانبەت ئاتىسىدىن كۆڭلى ئاغرىپ، قازاق كۆكچى باتۇرنىڭ قېشىدا ئون يىل تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دانا، ئەقىللىقلىقى بىلەن كۆكچىگە يېقىپ ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئالمانبەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە قابىللىقىنى كۆرەلمىگەن ئازمۇنكې قاتارلىق ئاز ساندىكى ئوردا ۋەزىرلىرى كۆكچىنىڭ كىچىك خوتۇنى بۇدايبېكنى كۈشكۈرتۈپ، كۆكچىگە ھاراق زورلاپ مەست قىلىپ، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى كۆكچىنىڭ چوڭ ئاغىچىسى ئاغاركېچ بىلەن ئاشنا بولۇۋالدى، دەپ چېقىشتۇردى. باشقىلارنىڭ گېپىگە تېزلا ئىشىنىپ قالىدىغان كۆكچى قاتتىق غەزەپلىنىپ، يىگىرمە ئاتامان، قىرىق بايغا ئالمانبەتنى ئۆلتۈرۈپ، ئاغاركېچنىڭ گەدەن چېچىنى قىرقىپ، شاش بايتالغا مىنگۈزۈپ، ئاتىسى قاراخاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىشنى تاپشۇردى.

ئالمانبەت كۆكۆتۆينىڭ نەزىرىدىن كېيىن ماناسنىڭ قېشىغا بىر بېرىپ كەلسەم دەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنىدى. ئۇنىڭ تەييارلىقى پۈتۈپ خىتايدىن ئېلىپ كەلگەن قىلجەرەن ئېتىنى توقۇپ ماڭغىلى قوپقاندا توقتور بىلەن چايان كېلىپ خاننىڭ ئۇنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئالمانبەت دادام ماڭا دۈشمەنلىك قىلغاندىمۇ، مۇشۇنداق بىر ھېسسىياتتا بولغاندىم، دەپ گۇمانلىنىپ كۆكچىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭغا كۆكچىدىن باشقىسى ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى. كۆكچى ئۇلارغا ئاچچىقلىنىپ ئولتۇرغۇزدى. ئالمانبەتنى بولسا قوپال سۆزلەر بىلەن قاتتىق ھاقارەتلىدى ۋە قول ئاستىدىكى ئاتمىش ئادەمگە ئالمانبەتنى تۇتۇپ بوغۇزلاڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئالمانبەتكە يېقىنلىششقا ھېچكىممۇ پېتىنالمىدى. يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنى ئاغاركېچنىڭ كۈتكۈچىسى قويتۇكۇڭ كۆرۈپ قېلىپ ئاغىچىغا يەتكۈزدى. ئاغاركېچ كېلىپ ئالمانبەتنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئېيتىپ: «ئالمانبەت كەلگەندىن كېيىن بىزگە بەخت- ئامەت قوندى. ئالتاينى قالماقتىن قايتۇرۇپ بەردى. دۈشمىنىڭنى پەس قىلىپ، تۇغقانلىرىڭغا يار- يۆلەك بولدى. خەلقىڭنى باي قىلدى. كۆچەلمىگەن قازاقلىرىڭنى يېشىل يايلاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ مال- چارۋىلىرىنى ئاۋۇتتى. ئۇنىڭ گۇناھى نېمە؟» دەپ كۆكچىگە تاپا قىلدى. شۇ ئارىلىقتا ئالمانبەت ئۆزىچە كېلىپ قول سالغان قاراقۇلنى بىر تېپىپتە ئۆلتۈرۈپ، قىلجەرەن ئېتىنى مىنىپ غەربكە قاراپ ئاتلاندى. بۇ چاغدا قازاقلار «قالماق قولىدىن قۇتۇلدۇق» دەپ ئۆزلىرىچە كۆرەڭلەپ

قىلىشتى. ئالمانبەتنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرگەن ئاغاركېچ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆكچىنىڭ دۆتلۈكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ سەۋر قىلىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈندى. ئالمانبەت ئەمدى بۇ يەردە تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەر قانداق قىلىپمۇ ئالمانبەتنى قالدۇرۇپ قېلىشقا كۆندۈرەلمىگەن ئاغاركېچ مەككە- مەدىنىگە بېرىپ ئەرەبلەر تەرەپتە تۇرۇپ قېلىشنى ئېيتقان ئالمانبەتنى ماناسقا بىر يولۇقۇپ ئۆتۈشكە كۆندۈردى. ئالمانبەت ماقۇل بولۇپ، ھەر قانداق ئىش يۈز بەرسىمۇ، بۇ يەردە ئون يىل تۇرۇپتىمەن، دەپ كۆكچى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن قايتىپ كەلدى. ئالمانبەتنىڭ شۇنچە سۈرلۈك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قاراقلارنىڭ جېنى چىقىپ كۆكچىنىڭ قېشىغا كىرىشۋالدى. كۆكچى ئۇلارغا: «ھەممىڭ خورەك تارتىپ، ئۇخلىغان بولۇۋېلىڭلار، شۇ چاغدىلا ئۇ تېگىشمەي قايتىپ كېتىدۇ» دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى يالغان خورەككە چۈشتى. ئالمەنبەت بۇلارنى كۆرۈپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ماناسنى كۆزلىگە پۈكۈپ ئاتلاندى.

## ماناسنىڭ چۈشى، ئالمانبەتنىڭ كېلىشى

ئاينىڭ ئونبەشى جۈمە —— قەدىر كېچىسى ماناس چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ ئاق لىباس كىيىپ، ئاقتۇۋلا ئېتىنى مىنىپ كېتىۋېتىپ يولدىن بىر قىلىچ تېپىۋالدى. قىلىچنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى سىناش ئۈچۈن، كالىدەك قارا تاشنى چاپقانىدى، تاش ئىككىگە بۆلۈنۈپ قىلىچنىڭ بىسى يەرگە پاتتى. ماناس قىلىچنىڭ ئۆتكۈرلىكىگە قايىل بولۇپ، سول تەرىپىگە ئېسىپ ماڭغانىدى، قىلىچنىڭ بىغى ئۈزۈلۈپ ئۇچى يەرگە تېگىپ يەرنى تىلىۋەتتى. ئۇ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا قىلىچ يەنە يانداپ چاپقان سۈرلۈك يولۋاسقا، ئاندىن قىران قۇشقا ئايلاندى. سۇمۇرغ باشلىغان قاناتلىقلار ئاسمانغا پاتماي قالدى. باتۇر ئالىپقارا قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ سەيلە قىلىپ يۈرۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ماناس بۇ چۈشكە تولىمۇ ئېتىۋار بېرىپ ئەنجان، قەشقەر، سەمەرقەند، تاشكەنت، بەدەخشان، ھىندىستان، ئىسپان، شاڭقاي، بالىق، ئۈرگەنچ، لام، قوروسون، بۇخارا، ئايدىڭكۆل، بابىل، سارىقان، بارسقون، مۇنار قاتارلىق جايلاردىكى قىرغىزلارنى قالدۇرماي چاقىرىشقا ئادەم چاپتۇرۇپ، ئۇلارنى قىرىق كۈندە كېلىپ بولسۇن، دېدى. بەلگىلىگەن كۈن توشا- توشمايلا ھەممىسى يېتىپ كېلىشتى. توي بولغاندەك سەلتەنەتلىك بەزمە ئۆتكۈزۈلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئات چېپىش بولۇپ ئون بەش ئاتقا بەيگە تىكىلىپ باغىشىنىڭ سۈركېيىك ئېتى بىرىنچى بولۇپ كېلىپ، باش بەيگىگە تىكىلگەن بەش يۈز ئات بىلەن مىڭ قوينى ئۇتۇۋالدى. بەزمە راسا قىزىپ، قىرىق سانغۇن يىغىلىپ تۇرغاندا ماناس باتۇر كېلىپ ئۇلارنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشنى ئېيتتى. لېكىن چۈشنى ئاشكارىلىمىدى. باتۇرنىڭ ئەلپازىدىن ئەيمەنگەن سانغۇنلار تەمتىرەپ قېلىشتى. شۇ چاغدا ئابدۇللا: «چۈشىڭىنى ئېيتمىساڭ قانداق تەبىر بېرىمىز، بىزنى قورقۇتما» دېدى. بۇنى ھەممە تەڭلا قوللىدى. ماناس چىرايىدىن غەزەپ ياندۇرغاندا تۈكلىرى كىيىملىرىدىن تېشىپ چىقتى. ماناس كۆرگەن چۈشنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردى. بۇ چۈش ئابدۇللانىڭ كۆز ئالدىدا ئەينەن كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ مۇنداق دەپ تەبىر بەردى: «ئاقتۇۋلاغا مىنىپ، ئاق لىباس كىيىپ، بىخارامان مېڭىپ يۈرگىنىڭ پۈتكۈل ئالاش خەلقىنى يالغۇز باشقۇرغىنىڭ. ئۆتكۈر قىلىچ ھەمراھىڭ ئالمانبەتتۇر. يىراق جايلاردىكى ئادەملەرمۇ ساڭا بويسۇنغۇدەك. ئالمانبەت سولابانىڭ ئۇرۇقىدىن بولۇپ ئاتىسىنىڭ ئىسمى سوراندىك. ئۇ ئون سەككىز يېشىدا ئاتىسى بىلەن ئارازلىشىپ، قان تۆكۈپ ئۇرۇشۇپ كۆكچىنىڭ قېشىغا بارغانىدى. شۇ باتۇر كېلىۋېتىپتۇ. ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ روھى بىرگە مەدەت بەرسۇن، ئامىن!» ياقۇپ باشلىق ھەممىسى ئالقان يېيىپ دۇئا قىلدى.

ماناسنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ «بارىكاللا، ئاتامان بولدىڭىز» دەپ ئابدۇللاغا ئۆز قولى بىلەن تون ياپتى. خالايىقنىڭ ھەممىسى ئابدۇللانى قۇتلۇقلاپ توي- تويغا، بەزمە- بەزمىگە ئۇلاندى.

پەيشەنبە كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن ماناس قاتتىق ۋارقىراپ ئەلنى يىغىپ چوڭ تەرەپكە بېرىپ كۆكۆل ئىچىپ كېلىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قارانوغاينىڭ ئوغلى ماجىك، قەمبارنىڭ ئوغلى چالىك، خەۋەرچى قايغۇل، خەلق بېشى خەلقامان، ئەلنىڭ بېشى ئەلئامان، تۈپىنىڭ بېشى توقونوي، قاراقلاردىن بورونچۇ، رەمچى تۆلۆ، دولوچى ئالاكېن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئېرچۆل، بورۆل قاتارلىق تۆت يۈز سەكسەن كىشى يولغا چىقتى. ئۇلار بادامنىڭ باش تەرىپىدە ئون ئىككى كۈن كېيىك ئوۋلاپ، ئالدىرىماي يۈرۈپ ئون بەش كۈن بولغاندا نارىنغا كەلدى. نارىندىكى قالماقلار: «بۆرۆت كەلدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئالتايغا قېچىپ كەتتى. سۇلتان ماناس چۈيىنىڭ سېرىق قىرىغا بارغاندا قوشۇي ئىزلەپ كەلدى. بۇ يەردە قالماقنىڭ تىرغوت دېگەن قەبىلىسى ياشاۋاتقان بولۇپ، قارا قىرغىز خان قوشۇي، قالماقلارنىڭ قېرى قوشۇي، قىرغىزلارنىڭ باي قوشۇي دېيىلگەن ئۈچ ئادەم بىللە تۇرغان يەر «ئۈچ قوشۇينىڭ ئويمانلىقى» دەپ ئاتىلىپ قالدى. ماناس ئەلنى باشلاپ قىرغا چىقتى. كۆتۈلۈك دېگەن يەرنى باقاي ماناسنىڭ ئىسمىغا يېقىن قىلىپ تالاس دەپ ئۆزگەرتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆتۈلۈك تالاس دەپ ئاتالدى.

ئالمانبەت ئاتلىنىپ چىققان كۈننىڭ ئەتىسى كۆكچىنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ «ئالمانبەتنى چاقىرىڭلار» دېدى. ئازمۇنكە بولغان ئىشنى تەتۈرگە تالاپ ئالمانبەتنى يامان قىلىپ كۆرسەتتى. قوربباي ئالمانبەتكە ئىچ ئاغرىتىپ خالىس گەپ قىلدى. ئاغاركىچ بولغان ئىشنىڭ جايىنى ئېيتقاندىن كېيىن كۆكچى قايغۇرۇپ ئالمانبەتنى قايتا تاپتۇرۇپ كەلمەكچى بولدى. ئەتراپتىكىلەر كۆكچىگە هاراق زورلاپ مەست قىلىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

ئالمانبەت سەپەردە كېتىۋېتىپ مەستلىكى يېشىلگەن كۆكچى كەينىمدىن ئىزلەپ كېلىپ قالارمۇ، دەپ ئىتنى ئاستا ماڭغۇزدى، ھېچكىم كەلمىگەندىن كېيىن ئارالكۆل دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرسىزلاندى. شۇنداق كېلىۋاتقاندا ئىزغىش قۇش ئۆز تىلىدا سايراپ ئالمانبەتنى تىللىدى. ئالمانبەتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى ئېتىپ قانىتىنى سۇندۇرىۋەتتى، ئۇ ئۇچالمىدى. ئالمانبەتنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ يېنىدىكى قايناتما قارا دورىسىنى ئېلىپ يارىغا سىپاپ، ئالتاي قىرمىزى بىلەن قانىتىنى تېڭىپ، سىرتىغا قىرما قىزىل دورىنى چېپىپ، ئۇنى قويۇپ بەردى. ئىزغىش كۆككە قاراپ ئۇچتى.

ماناس باتۇر ئاققۇلانى مىنىپ ئاشمۇرابىلىدە تۇرۇپ، ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇردى. ئالمانبەتنى كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ باتۇرلىرى قېشىغا كەلدى. ماناسنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىككى يۈز ئادەم بىرلىشىپ ئوردا ئويۇننى باشلاپ، قومۇز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، بېيت كوتۇپ تۇردى. ئەلىباي، ھاجىباي، سىرغاق، قوتوناي، چۇۋاق قاتارلىق بەش كىشى ئالمانبەت بەلدىن ئېگىشىپ كېلىۋاتقاندا مىلتىق ئېتىپ جەڭ دۇمبىقىنى ياڭرىتىپ، قاتتىق سۈرەن بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئالمانبەت بۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا چۈشەن ئۇچقانچىلىكمۇ پەرۋا قىلماي كېتىۋەردى. ئالمانبەتنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەممىسى ئىچ- ئىچىدىن قايىل بولدى. سىرغاق باتۇر ئالمانبەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يول باشلىدى.

## ماناسنىڭ ئالمانبەتنى ئېلىپ قېلىشى

ئارسلاندەك باتۇر ئالمانبەت ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئېتىدىن چۈشمەيلا كىردى. شادىمان ئولتۇرغان يىگىتلەرگە قاراپمۇ قويمىدى. ماناسنىڭ ئالمانبەتنى ئاتلىق سالام بەرگۈزمەي، پىيادە كىرگۈزۈڭلار، دېگەن تاپشۇرۇقى بويىچە ئىككى جاللات كېلىپ، ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن تارتماقچى بولغاندا، ئالمانبەت تۇتماڭلار، دەپ سىلكىۋەتتى. ئارىدىن بىرسىنىڭ جەينىكى چىقىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ھاجىباي يېتىپ كېلىپ، چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئالمانبەتنى ئاتتىن چۈشۈردى. ئالمانبەتنى ئۆزىگە لايىق ئورۇن تېپىپ ئولتۇرالامدۇ- يوق، دەپ ھەممەيلەن جايىدىن مىدىرلىماي ئولتۇردى. ئالمانبەت ماناس بىلەن باقايغا سالام بېرىپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. ماناس تاماق تارتىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئاۋۋال بال قوشقان قىمىز كەلتۈرۈلدى. كۈمۈش قىرلىق ئالتۇن قاچىغا قىمىز قۇيۇپ، ئالمانبەتكە سۇندى. ئالمانبەت باقايغا سۇنۇشنى ئۆتۈندى. باقاي بىر ئوتلاپ ھاجىبايغا سۇندى. ھاجىباي ئۇنى ئىككى قوللاپ ئالمانبەتكە سۇندى. قانچە كۈندىن بېرى ئاچ يۈرگەن ئالمانبەت ئاچلىقنى باشقىلارغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن سىپايىلىق بىلەن نەچچە ئوتلىدى. كۈچلۈك قىمىز دەرھال تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى بىھوش قىلىپ قويدى. ماناس ئۇنىڭ ئاچلىقىنى بىلىپ قالدى- دە: «يولدا بىرەر مال ئوۋلاپ يېمىگىز بولماسمىدى؟» دېدى. ئالمانبەت: «دەسلەپكى ئاتىمىز سىلابا، سىلابانىڭ ئوغلى سولابا، سولابانىڭ ئوغلى سولالا، ئۇنىڭ ئوغلى سوراندىك بولىدۇ. مېنىڭ ئېتىم سولالى

مېنى ئەركىلىتىپ سوشويا دەپ ئاتىشىدۇ. يەر تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قېچىپ چىققان ئىدىم. ئەمدىلىكتە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يېسەم ئادەم بولماي كېتەي» دېدى.

ماناس ئالمانبەت باتۇرغا يۇقىرى ھۆرمەت كۆرسىتىپ، سېرىق ئوغلاق قان قىلىپ ئاققۇلا ئات، قورال- ياراغ، تونلارنى ھەدىيە قىلدى. ئات چاپتۇرۇش مەرىكىسى ئۆتكۈزدى. ئالمانبەتكە تارتۇقلانغان سېرىق ئالا ئات قاتارلىق توققۇز ئات بەيگىگە چۈشتى. ئالمانبەت قىلجەرەن ئېتىنى بەيگىگە قاتناشتۇرمىدى.

ماناس قازناقچىنى چاقىرتىپ ، ئالمانبەتنىڭ شەرىپىگە قىرىق مىڭ قىزىل ئالتۇن چاچقۇزدى. شۇ ئەسنادا ئۇ تەرەپتىن كۇسۇر- كۇسۇر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بەيگىگە چۈشكەن ئاتلارغا تېخىچە دو تىكىلمىگەنلىكى بىلىندى. ئەسلىدە ماناس باتۇر ئالمانبەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. سېرىك باتۇر ئورنىدىن چاققان تۇرۇپ: «ئاتلارغا ياش يىگىتلەرنى دو تىكەيلى، ئالمانبەتنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالسۇن» دېدى. ھەممەيلەن سېرىكنىڭ بۇ گېپىگە قوشۇلدى. بىرىنچى ئاتقا يەتتە، ئىككىنچى ئاتقا ئۈچ، ئۈچىنچى ئاتقا ئىككى، قالغان ئاتلارغا بىردىن ئادەم دو تىكىلدى. توققۇزىنچى ئاتقا ئادەم يەتمەي ماجىك ئوتتۇرىغا چىقتى. چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇيۇقى ئاڭلىنىپ سېرىق ئالا ئات بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلدى. بىرىنچى بەيگىگە تىكىلگەن بوزئوغۇل قاتارلىق يەتتەيلەن ئالمانبەتكە ئەگىشىپ ماڭدى.

ماناس ئالمانبەتكە قاراپ: «ئۆزئارا ياقتۇرۇشۇپ دوست بولۇشتۇق. كۆن پېتىشقا قاراپ كېتىۋېتىپسىز، يولدىن قويماي، سىزگە بولغان ھۆرمىتىم يۈرىكىمدىن قېشىڭىزدىكى يەتتە باتۇرغا قوشۇپ ئاققۇلا ئېتىمنى، ئاقكەلتا مىلتىقىمنى، ئاقئالبارس قىلىچىمنى، سىر- نەيزەمنى ئالغاچ كېتىڭ، جەنۇبقا قاراپ بىر يېرىم ئاي يول يۈرسىڭىز قىرغىزنىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ ئىسپان بىلەن ھىندىستانغا يېتىپ بارسىز، ئەرەبلەرگە كىرىسىز» دېدى. ئالمانبەت ماناسنىڭ مەرد، كىچىك پېئىللىقىدىن ئارىسالدا بولۇپ تۇرغاندا، ھاجىباي چېچەنلىك بىلەن: «كەتسىڭىز يول بولسۇن، تۇرۇپ قالسەڭىز دېسىڭىز ھۆرمىتىڭىزنى قىلىمىز، سىزنى يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمايمىز» دېدى. ئالمانبەتنىڭ كۆڭلى يورۇپ: «بىرەر جانغا زامىن بولماي، مەككىگە كېتىش ئارزۇيۇم بار

ئىدى، ئۆملۈك بولسا، ھەممە نەرسە تەل بولۇر. قېنى دۇئا قىلايلى، ئامىن!» دەپ قېپقالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئالمانبەتكە ھەممەيلەن دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەمەرقەندكە قاراپ ئاتلاندى. ماناس تۆت كىشىنى ئاتىسى ياقۇپبايغا خەۋەر بېرىشكە ئەبەرتتى. باي ياقۇپ ئالمانبەت كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ تۆت كىشىگە قىرىق بىر مال سۆيۈنچە بېرىپ، ئاتمىشتەك ئاقساقالنى ئەگەشتۈرۈپ كۈتۈۋالغىلى چىقتى. ئايالى چېيىردى ئون بەش كەمپىر، كىچىك ئايالى باقدۆلەت ئون ئىككى ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ كۈتۈۋېلىشقا چىقتى.

ياقۇپ بىلەن ئالمانبەت ئىككىسى ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمەي سېغىنىشىپ كەتكەن قەدىناسلاردەك كۆزلىرىدىن ياشلار ئاققۇزۇپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كەينىدىن چېيىردى كەلگەنىدى، ئۇ يېڭى تۇغۇتلۇق كېلىندەك ئىككى كۆكسى چىڭقىلىپ سۈت ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئوڭ كۆكسىنى ماناسقا، سول كۆكسىنى ئالمانبەتكە ئەمگۈزدى. ئوتتۇزغا كىرىپ بولغان ماناس بىلەن ئالمانبەت ئانا سۈتى ئەمگىنىگە ئەتراپتىكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. شۇ چاغدا چېيىردى ئۆزىنىڭ ماناس ئىككى ياش چاغدا چۈشىدە ئاقسېرىق ئات يېتىلىگەن ئالمانبەتنى كۆرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن سۈت چىقىۋاتقان كۆكسى توختاپ قېلىپ سۈتى مۇشۇ چاققىچە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. سانغۇنلار ياقۇپباينىڭ ئۆيىگە كىردى.

ئالمانبەتنىڭ شەرىپىگە چوڭ بەزمە ئۆتكۈزۈلۈپ، چېيىردىنىڭ چېدىرىغا ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغاندا، باقاي ئاقساقال سەمەرقەنددىن تالاسقا كۆچۈپ بېرىشنى ئېيتتى. يامغۇرچىنى يېيىلما دېگەن يەرگە، تېكىچىنى كەڭ تەسكەيگە، ياقۇپ خاننى جاقتاشقا، شىغاي خاننى ئارتۇغا، پالتا خاننى قارا بورا چاتقالغا، ئالمانبەتنى سېرىق تالاغا ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ مايبۇلاقتا ئولتۇراقلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ پىكرىگە رازىلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئالمانبەت خۇرسەن بولۇپ: «بىر ئانىنى تەڭ ئېمىپ، بەكمۇ ھاياجانلاندىم. ئاققۇلا سىزگىلا لايىق ئات ئىكەن، ئۆزىڭىزلا مىنىڭ. ئاقساقاللىق ئاتامنىڭ، ئاق سۈت بەرگەن ئاپامنىڭ ھىممىتىگە قورال- ياراغ، تونىڭىزنى ئېلىڭ، سىزگە يار بولسۇن!» دەپ ماناسنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئەقلىڭىزگە باركاللا دەپ كۆپچىلىك ئالمانبەتنى ئالقىشلىدى.

## ماناسنىڭ قانىكەي بىلەن يارىشىپ قېلىشى، ئالمانبەتنىڭ ئارزۇكەيگە ئۆيلىنىشى

ئەلقىسسە: ئالمانبەت بۇ ئەلدە ئۆزلىشىپ كۆڭلىرىنى خۇشال- خورام ئۆتكۈزدى، كۆڭلىدىكى بىردە ئۇ بىكارچىلىقتا زېرىكىپ، ماناس بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ، ئاتلىق يول يۈرۈپ، ماناسنىڭ ئاۋۇلىغا كەلدى. ناقىلاينىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ: «ماناس بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ناقىلاي: «ئاغىچىسىدىن ئېشىنالماي يۈرگەندۇ» دەپ زەردە بىلەن جاۋاب بەردى. ئالمانبەت ئۇ يەردىن كېتىپ قارا بۆرۆكنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ يەردە بەش- ئالتە پالچىنى كۆردى. ئالمانبەت ماناسنى سورىدى. قارا بورۇگ «خانىش بىلەن بىللىدۇ» دەپ بومۇ تۈزۈك جاۋاب بەرمىدى. ئالمانبەت: «خانىش دېگىنىڭ كىم؟» دەپ سورىدى. قارا بۆرۆك: «ناقىلاي دېگەن چىرايلىق يەڭگەڭنى كۆرمىگەنمۇ؟» دەپ نەشتىرىنى سانچىدى. ئالمانبەت ناقىلاي بىلەن قارا بۆرۆكنىڭ ماناسقا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ماناسنى بويتاقتەك ھېس قىلدى. شۇ چاغدا ئاققۇلا ئاتنى مىنىپ، ئاق لىباسنى يېپىنىپ ماناس ئالدى تەرەپتىن كەلدى. «نەگە باردىڭىز باتۇر؟» دەپ سورىدى ئالمانبەت. ماناس: «سىزگە لايىق ئىزلەپ، قىرىق يىگىتىم بىلەن خېلى يەرلەرگە باردۇق» دېدى. ئالمانبەت: «مەن تونۇغۇنلا كېلىپ بوگۈن خوتۇن ئالىمەن دېمەيمەن. مېنى قويۇپ، ئۆزىڭىزنى ئويلاڭ. ناقىلاي بىلەن قارا بۆرۆك سىزگە لايىق كەلمەيدىكەن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ماناس ئىككى ئايالىنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرمەستىن ئالمانبەتنى ئېلىپ ئاتىسى ياقۇپنىڭ ئۆيىگە باردى. ماناس بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرمىدى.

ئالمانبەت ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، قاشقا چىقتى. ئۇ يەردە چوۋاققا ئۇچراپ ئۇنىڭدىن: «ماناسنىڭ قانچە ئايالى بار؟» دەپ سورىدى. ئالمانبەت يەنە چوۋاقتىن قانىكەينىڭ ھال- ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، قارا بۆرۆك بىلەن ناقىلاينىڭ قانىكەيگە قەست قىلغانلىقى، قانىكەينىڭ ئالتە يىلدىن بېرى سەمەرقەندتىكى بىر دەريا بويىدا يالغۇز تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئالمانبەت ئۆزىنىڭمۇ ئاغاركېچ بىلەن يامان ئاتلىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ سۇيىقەستنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئالمانبەت سېھرى قىلىپ قار ياغدۇردى. ماناس قىرىق باتۇرنىڭ ھەمراھلىقىدا، مىلتىقلىرىنى ئېسىپ، ئىتلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، شۇڭقارلىرىنى قوللىرىغا قوندۇرۇپ ئوۋ قىلغىلى ماڭدى. ئېسىل ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار توقايلىقتا پاتماي قالغانىدى. باتۇرلار شىكارغا قىزىپ كەتتى. كۈن پېشىن بولغاندا ئالمانبەت ئېرچى ئوغۇل بىلەن بوز ئوغۇلغا ئېقىننى بويلاپ توۋەنگە مېڭىشنى بۇيرۇدى. قالغانلار كەينىدىن ماڭدى. قاشتىن چىقىشىغىلا تۆت ئۆي كۆرۈندى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈشىگە قانىكەي چىقىپ ئۇدۇل كېلىپ ماناسنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتتى. ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، داستىخاننى نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇپ، تاماق تەييارلاپ ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلدى. باقاي، ماناس، ئالمانبەت، سىرغاق، چوۋاقلار بۇ ئۆيدە قېلىپ، قالغان باتۇرلار باشقا ئۆيلەردە بۆلۈنۈپ يېتىشتى. ئالمانبەت ماناسنىڭ ئورنىدا قانىكەيدىن كەچۈرۈم سورىدى. چوۋاق، سىرغاقلارمۇ قوشۇلۇپ، ئۇچىسى گۇۋاھلىق بېرىپ، باقاي خالىس تۇرۇپ، ئارسلان ماناس بىلەن قانىكەينى ياراشتۇرۇپ قويدى. ماناس خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. باتۇرلار ئەر- ئايال ئىككىيلەننى يالغۇز قالدۇرۇپ ئۆزلىرى چىقىشىپ كەتتى. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئالمانبەت ھەربىر ئۆينى ئون بەشتىن نارغا يۈكلىتىپ، يۈك ئارتىلغان ئاتمىش نارغا باتۇر سىرغاقنى باش قىلىپ، قانىكەينى بەلسازدىكى ياقۇپبايىنىڭ ئاۋۇلىغا كۆچۈرۈپ كەلدى.

باي ياقۇپ: «يېقىندا تالاسقا كۆچمەكچى بولىۋاتىمىز، ئالمانبەت بويتاق يۈرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويساق بولاتتى» دېدى. بۇ مەسلىھەتنى ھەممىسى توغرا تاپقان بولسىمۇ، پالانى يەردە مۇنداق بىر قىز بار دەپ ئۇچۇق ئېيتالماي تۇرىۋاتقاندا، قانىكەي ئارۇكې ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بۇ قىز ماناس بادىكۆلنى يېڭىۋالغاندا شاتۆمۈر ئۇنىڭ ئوردىسىدىن ئولجىغا ئېلىپ كەلگەن قىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كۆپچىلىك ئارۇكېنى ئالمانبەتكە لايىق، دەپ قاراشتى.

ياقۇپ باي رەمچىسى تۆلۆك بىلەن دولوچىسى ئالاكېنىنى ئېلىپ، بۇخاردىكى قۇدىسى قاراخانغا ئەلچىلىككە باردى. قاراخان ماناسنىڭ قانىكەينى تاشلىۋەتكەنلىكىدىن خەۋىرى بولغاچقا ياقۇپبايغا چىراي ئاچمىدى. شۇ يىلى يىگىرمە ياشقا تولغان ئارۇكې ئاغاركېچتىن ئالمانبەتنىڭ خان ئەۋلادى